„شىنجاڭ سىياسىي كېڭىشى" ٩٠ - يىللىق

توپلام - مەخسۇس سان

# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايلى

**— يولداش بادەينىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - سانلىق يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى**

**(1990 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)**

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، ئەزالار ۋە يولداشلار:

دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنى، پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم پەيتتە چاقىرىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئاساسلىقى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن يېتەكچى ئىدىيە دەۋر قىلىنغان ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى توغرا تەھلىل قىلىنىپ، شىنجاڭدا ئاساسىي خەۋپنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەردىن كېلىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ، قانداق قىلىپ ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار، ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكى دوستلىرىمىز، شۇنىڭدەك، ھەر ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوغداش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ

قېتىمقى يىغىن بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ قېتىمقى يىغىننى ئوبدان ئېچىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئەھمىيەت بەردى.

تۆۋەندە مەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تۆت مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەيمەن، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە ئەزالارنىڭ قاراپ چىقىشىنى سورايمەن.

## 1. نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى توغرا تونۇش لازىم

ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە تونۇش — توغرا سىياسەت بەلگىلىشىمىزنىڭ ئاساسى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىيىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىشەنچىمىزنى قەتئىيلەشتۈرۈش، كۈرەش ئىرادىمىزنى ئاشۇرۇشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم. ئۆتكەن يىل، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئېغىر سىياسىي بوران - چاپقۇننى باشتىن كەچۈرۈپ، مالىمانچىلىقنى توساش، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىشتەك ھەل قىلغۇچ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ كۈرەشنىڭ غەلىبىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگوخەلقى تاللىغان سوتسىيالىزم يولى ۋە نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ دۆلىتىمىزدە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا ئايلانغانلىقىنى، ئۇنى ھەرقانداق ئىچكى، تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ بەردى. بولۇپمۇ، پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تاشقى جەھەتتە بېسىم، ئىچكى جەھەتتە قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىچكى، تاشقى جەھەتتىكى تۈرلۈك پايدىسىز تەسىر ۋە توسالغۇلارنى يېڭىپ، پۇختا ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئۇرغۇنلىغان ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىدى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەرساھە

ئاممىسى ئۆتكەن يىلقى سىياسىي مالىمانچىلىقنىڭ خاراكتېرى ۋە زىيىنىنى، ئىچكى، تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ جىنايى سۇيىقەستىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مالىمانچىلىقنى توساش، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىش تەدبىرىنىڭ توغرىلىقىنى، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ يەنىمۇ مۇستەھكەملەنگەنلىكى ۋە كۈچەيگەنلىكىنى؛ سوتسىيالىزم بازىسىنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكى ۋە راۋاجلانغانلىقى، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ غەلىبىنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا تۈزەش، ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈمگە ئېرىشىلىپ، ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ پەيدىنپەي ياخشى تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇۋالدى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئومۇمەن ئېيتقاندا ياخشى. 1989 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ مالىمانچىلىقنى توساش ۋە «19 - ماي» ئىغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش پاراكەندىچىلىك ۋەقەسىنى تىنچىتىشنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ج ك پ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇردى. يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا 12 - يىلىمۇ مول - ھوسۇل ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. سانائەت مۇۋاپىق سەۋىيىدە ئاشتى. بازار مۇقىم بولدى، مالىيە كىرىمى كۆپەيدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ھەرجەھەتتىكى ئىشلاردا يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. بولۇپمۇ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى مالىمانچىلىقنىڭ قاتتىق سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، سىياسىي ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈردى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە، مالىمانچىلىققا، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىل-

لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتتى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى داۋاملىق ياخشىلىنىش تەرىپىگە قاراپ راۋاجلاندى. سىياسىي ۋەزىيەت ئومۇمەن ئېيتقاندا مۇقىم، يېزا ئىگىلىك ۋەزىيىتىمۇ چوڭ ياخشى، 13 - يىلمۇ مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد زور. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۆۋەنلەش ئەھۋالى ئۆزگىرىشكە يۈزلەندى. پۈتكۈل ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشىلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. دەرۋەقە ھازىر بەزى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىمۇ مەۋجۇت. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كۆپ قېتىم دائىمىي ھەيئەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلدى، ئاپتونوم رايونىمىز ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ تەدبىرلىرىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ، مۇقىملىقنى نۆۋەتتىكى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي ۋەزىپە قىلىپ، مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت، پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇقىملىقنى تۇتۇشقا ئاتلىنىشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 20 مىڭدىن ئارتۇق ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورگان كادىرى يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرى، مەكتەپ، زاۋۇت، كان، كارخانا قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى، پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتتا ياخشىلىنىش بولۇشقا باشلىدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ئاساسەن ئېيتقاندا مۇقىم. گەرچە بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ۋەقەسى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى

ھەم قوللىشى ئارقىسىدا، توغرا قائىدىگە قوللىنىپ، بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تېزدىن تىنچىتىپ، بىر ئوچۇم ئەكسىلئىنقىلابچى ئونسۇرلارنىڭ جىنايى سۇيىقەستىنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىپ، خەلق ھاكىمىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى قوغداپ قېلىندى. بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى 40 يىللىق خىزمەت ئاساسىنىڭ سىناقتا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى، ھاكىمىيىتىمىزنىڭ مۇستەھكەملىكىنى، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشتەك قەتئىي ئىرادىسىنىڭ تەۋرەنمەس ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. شۇنىڭدەك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستچىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىت بولۇپ، كىشىلەر قەلبىگە ياقمايدىغانلىقىنى، جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ.

لېكىن، شۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان يوشۇرۇن پايدىسىز ئامىللار يەنىلا مەۋجۇت، بەلكى ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا خېلى كۆپىيىپ قالدى. كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەت ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە كەسكىن. ئالدىمىزغا قويۇلغان ۋەزىپىلەر ئېغىر ۋە جاپالىق. خەلقئارا چوڭ كىلىماتتىن قارىغاندا، خەلقئارا ۋەزىيەت تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇ، دۇنيا داۋالغۇش ۋە تىنچسىزلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. غەرب كاپىتالىزم دۆلەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئاڭ شەكلى جەھەتلەردە بىزگە قارىتا جازالاش ۋە سىڭىپ كىرىش ئېلىپ بېرىپ، بىز بىلەن ئوق ئاۋازى بولمىغان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، كومپارتىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، سوتسىيالىزمنى ئىنكار قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتى دا-

ۋەملىق تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ ۋە ئۆزگىرىۋاتىدۇ، قالايمىقانچىلىق، داۋالغۇش ئىم-
چىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىرچە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى مۆلچەرلەش تەس. سوۋېت ئىتتى-
پاقىدا داۋالغۇش بولۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چېگرىدىكى بەزى رېسپۇبلىكىلىرى-
دە ئېغىر دەرىجىدە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى. تەيۋەننىڭ
ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، چوڭ قۇرۇقلۇقتا يېڭى
مالىمانچىلىق پىلانلاشقا ۋە قوزغاشقا ئۇرۇنماقتا. دالاي، ئەيسا قاتارلىق چەت
ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر شەرقىي ياۋروپا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەزىي-
يىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئىلھام ئېلىپ، چەت ئەللەردىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر-
نىڭ قوللىشى ئاستىدا پۇرسەت بولسىلا شىنجاڭدا مالىمانچىلىق
پەيدا قىلىشقا، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنماقتا.
دۆلەت ئىچىدىن ئېيتقاندا، گەرچە بىز مالىمانچىلىقنى توساش، ئەكسىلئىنقىلابىي
توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ،
لېكىن جاھان شۇنىڭ بىلەن تىنچىپ كەتكىنى يوق. پارتىيىگە، سوتسىيا-
لىزمغا قارشى بىر ئوچۇم دۈشمەن كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن
بەرمەيدۇ، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ
تۇرۇۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، قايتى-
دىن ئىش باشلاپ، تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا
پۇرسەت ئىزلىمەكتە. ئۇزۇندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى
مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى توختاتقىنى
يوق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى كىلىماتىنىڭ تە-
سىرى تۈپەيلىدىن بۇنداق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى خېلى ئەۋج ئېلىپ
قالدى. ئۇلار چەت ئەللەردىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ،
ئېغىز بۇرۇن يالىشىپ، ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ تارى-
خىنى بۇرمىلىدى، پارتىيە رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلدى،
ھەتتا دىن تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىق بايرىقىنى
كۆتۈرۈۋېلىپ، چاتاق چىقىرىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت
جىنايى مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن
ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا
كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئالدىمىزدىكى كۈرەش ۋەزىيىتى يەنىلا ئىن-

تايىن، مۇشەققەتلىك، شۇڭا يەنە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. قېچىپ يۈرگەن ۋە يوشۇرۇنۇۋالغان توپىلاڭچىلار تامامەن قولغا چۈشۈرۈلگىنى يوق، توپىلاڭچىلار بۇلاپ كەتكەن، ياسىغان ۋە سېتىۋالغان قورال، ئوق - دورىلارنىڭ ھەممىسى تېخى تولۇق يىغىۋېلىنمىدى، ئەكسىل-ئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ جىنايىتى ئۈزۈل - كېسىل ئاشكارىلانمىدى؛ بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى تېخى ئۈزۈل - كېسىل ئېنىقلانمىدى؛ يوشۇرۇنۇۋالغان بەزى مىللىي بۆلگۈنچىلەر تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرىنى يەنىلا جىددىي ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار ئېغىۋا توقۇپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئەكسىيەتچىل شوئارلارنى چاپلاپ، ھەدەپ ئۆز ئارا ئالاقە باغلاپ، يوشۇرۇن ھالدا كۈچ توپلاۋاتىدۇ، ھەتتا مەخپىي ھالدا قورال، ئوق - دورا، ماددىي ئەشيا ۋە پۇل توپلاپ، پۇرسەت بولسىلا يېڭى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمىتىدە دۈچ كەلگەن ياكى دۈچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر يەنە داۋاملىق پەيدا بولىدۇ. بۇلارنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق ھەل قىلىش داۋامىدا يەنە يېڭى زىددىيەتلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىز ۋە ئاممىنىڭ بۇ مەسىلىنى تونۇشى يەنىلا تازا ئېنىق ئەمەس، شۇڭا، نۇرغۇن چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىشىمىز ۋە توغرا مۆلچەرلىشىمىز كېرەك. ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولغان تەرەپنىمۇ كۆرۈشىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى مۇرەككەپ ۋە جىددىي تەرىپىنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم. بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن ئېنىق، ئەتراپلىق تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپنى ئېنىق تونۇپ، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

### 2. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تولۇق تونۇش كېرەك

شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش.

كۆرۈشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تونۇش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساق شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، شىنجاڭ ئەزەلدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. بۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلاپ بەرگەن. غەربىي دىيار دەۋرىدىن تارتىپلا شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا ئوردو - ياۋروپا تىل سىستېمىسى، خەنزۇ-زاڭزۇ تىل سىستېمىسى ۋە ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى نۇرغۇن قەدىمىي مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ھەر قايسى قېرىنداش مىللەت خەلقلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى ئورتاق ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ پارلاق ماددىي مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش داۋامىدا ھايات - ماماتتا بىللە بولۇپ، زىچ ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى دوستلۇقنى ئورناتقان. لېكىن تارىخىي، مىللىي، دىنىي ۋە جۇغراپىيىلىك نۇرۇن قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، بەزى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق ھەرىكەتلىرى دائىم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى.

1864 - يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيا قوقان دۆلىتىنىڭ ياقۇپبەگ باشچىلىقىدىكى باندىتلىرى ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى بېسىۋالدى؛ 1871 - يىلدىن 1881 - يىلغىچە، چار روسيەمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋالدى. ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرمۇ شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدىن بۆلۈۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە رايونى ياكى ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىدىكى رايون قىلىۋېلىشقا ئۇرۇندى.

جاھانگىرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل شوۋىنىزم — پان تۈركىزىمنىڭ شىنجاڭغا ئېقىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، 1933 - يىلى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پان تۈركىست مۇھەممەت ئىمىن ۋەتىنىمىزنى پارچىلىۋېتىپ، ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇستەملىكە زېمىنى ھىندىستان ۋە ئافغانىستانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇندى.

ئۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قاراقاش، خوتەنلەرنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئاتالمىش «ئىسلام دىنىي دۆلىتى»نى قۇرۇپ، ئۆزىنى شاھ دەپ ئاتىدى ھەم ئەسكەر چىقىرىپ يەكەن، يېڭىسار ۋە مارالبېشىنى بېسىۋالدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، سابىت داموللا جايلاردىكى پان تۈركىزىمچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قەشقەردە خوجىنىياز ھاجىنى زۇڭتۇڭ، سابىت داموللا گوۋۇيۈەن زۇڭلىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇردى. بۇ ئىككى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ناھايىتى ئاز ۋاقىت ھۆكۈم سۈرۈپلا، تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە چۆرۈپ تاشلاندى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن بۆلگۈنچىلىك قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. بەزى چاغلاردا ھەتتا ناھايىتى كەسكىن بولدى. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 20 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، قىلىچ، مىلتىق كۆتۈرۈپ قوزغىغان چوڭ - كىچىك ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدىن 18 قېتىمدىن كۆپرەك يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭراق بولغانلىرى:

1950 - يىلى 1 - ئايدا، قالىبېك باشچىلىقىدىكى باندىتلار ئۈرۈمچى نەنسەن تېغى ئەتراپىدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار: «قازاق قەبىلىلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كومپارتىيىنى شىڭشىڭشادىن كىرگۈزمەسلىك، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى يوقىتىپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. قۇتراتقۇلۇق قىلىش نەتىجىسىدە بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا قاتناشقان ئادەم 1800 دىن ئاشتى.

1950 - يىلى 3 - ئايدا، ئوسمان، جانىمقان ۋە يولۋاسلار باشچىلىقىدىكى باندىتلار باركۆل، ئاراتۈرۈك، مورى ئەتراپىدا كۆتۈرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر زور بولدى. ئۇلاردىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «كومپارتىيە دىننى يوقىتىدۇ، قازاقلارنىڭ مال - دۇنياسىنى مۇسادىرە قىلىدۇ»، «كومپارتىيىنى يوقىتىش — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرمانى» دېگەن شوئارلار ئارقىلىق 20 نەچچە مىڭ چارۋىچىنى توپىلاڭغا قاتنىشىشقا قۇتراتتى ۋە مەجبۇرلىدى.

1950 - يىلى 7 - ئايدا، سىدىق، ئورازباي باشچىلىقىدىكى باندىتلار

ئۈرۈمچىدىكى نەنسەن تېغىدىن ماناسقىچە بولغان جايلاردا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار قازاق چارۋىچىلار ئارىسىدا، «كومپارتىيە دىنىي يوقىتىدۇ، قازاقلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىدۇ» دېگەندەك پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ، «خەنزۇلارنى قوغلىۋېتەيلى، كومپارتىيىنى قوغلاپ چىقىرايلى، قازاقىستان قۇرايلى» دېگەن ناملار بىلەن 20 نەچچە مىڭ قازاق چارۋىچىنى تەھدىت بىلەن توپىلاڭغا مەجبۇرىي قاتناشتۇردى.

1951 - يىلى 2 - ئايدا، شىردىمەن، جوكەي باشچىلىقىدىكىلەر موري، گۆچۈڭ، فۇكاڭ ئەتراپىدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. قۇترىتقۇلۇق قىلىش نەتىجىسىدە 2900 دىن كۆپرەك چارۋىچى بۇ توپىلاڭغا قاتناشتى. ئۇلار خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇندى.

1951 - يىلى 6 - ئايدا، مالىك، تالىم، جانبولاي، ئەيداھىيالار باشچىلىقىدا توپىلاڭ يۈز بەردى. ئۇلار ئاممىنىڭ مال - مۈلكى ۋە قوي پادىلىرىنى تالان-تاراج قىلدى، قىسىملارنىڭ قورال - ياراق، ئوق - دورىلىرىنى بۇلىدى، كۆۋرۈكلەرنى پارتلىتىۋەتتى.

1954 - يىلى 12 - ئايدا، خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىدە ئابدۇلھەمىت داموللا باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى. ئۇلار «ئىسلام ھۆكۈمىتى كومىتېتى» قۇردى، 300 دىن كۆپرەك توپىلاڭچىنى يىغىپ خوتەندىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، كادىر - ساقچىلارنىڭ قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىلىرىنى تارتىۋالدى.

1956 - يىلى 3 - ئايدا، قاراقاش ناھىيىسىدە باقى داموللا بىلەن سەمەت داموللا باشچىلىقىدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى. ئۇلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن توپىلاڭغا 800 دەك ئادەم قاتناشتى.

1956 - يىلى 5 - ئايدا، لوپ ناھىيىسىدە ئابدۇقادىر قارى باشچىلىقىدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى. ئۇلار ئۆزلىرىگە كاتتىباش سايلىدى، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت پروگراممىسى تۈزۈپ چىقتى، ئاشلىق بۇلىدى، 1300 دەك ئادەم توپىلاڭغا قاتناشتى.

1958 - يىلى 9 - ئايدا، كۆكتوقاي، چىڭگىل ۋە گۇچۇڭ ئەتراپلىرىدا جەمشىتقان، دەلىلقانلار باشچىلىقىدىكىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل چارۋىدارلار، بانـدىتلار ۋە قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن بىرلىشىشى ئارقىسىدا قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەردى. ئۇلارنىڭ قۇترىتقۇلۇقى بىلەن 300 دىن كۆپ ئادەم قوزغالدى،

ئۇلار 600 نەچچە ئات، 40 نەچچە تال قورالنى بۇلاپ كەتتى.
1958 - يىلى 10 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى تىيانشان رايونىنىڭ قارىيا-
غاچلىق جىلغىسىدا ئەسىرگە چۈشكەن باندىتلاردىن ئىبلى قۇربان بىلەن سېيىت
باشچىلىقىدىكى توپىلاڭ يۈز بەردى. ئۇلار باندىتلارنى توپلاپ، ئاممىنى زور-
لاپ 7000 دىن كۆپ ئادەمنى توپىلاڭغا قاتناشتۇردى، 80 نەچچە ئات توپلىدى،
رايون، يېزا كادىرلىرىنى باغلاپ كەتتى، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ قورال - ياراق،
ئوق پۇللىرىنى بۇلىدى، تېلېفون سىملىرىنى كېسىۋېتىپ ئەمگەك بىلەن ئۆز-
گەرتىش ئەترىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان
جىنايەتچىلەرنى قويۇۋېتىشكە ئۇرۇندى.
1958 - يىلى 10 - ئايدا، شىخو ناھىيىسىدە كىگەن داڭزىڭجا مىنو ۋە
چۇيدۇملارنىڭ باشچىلىقىدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى. ئۇلار يۈز-
دەك لامانى قۇترىتىپ، 40 نەچچە تال ئوق مىلتىقىنى بۇلاپ كەتتى، خىزمەت
گۇرۇپپىسى كادىرلىرىنى باغلىدى، تېلېفون سىملىرىنى كېسىۋەتتى ۋە 300 دىن
كۆپ گوڭشې ئەزاسىنى مەجبۇرلاپ توپىلاڭغا قاتناشتۇردى.
1962 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئابدۇقادىر ئىبراھىم، تۇرغۇن
قۇربان، يۇنۇس ئەمەت، مەخمۇت ھاپىزلار باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچى ئۇن-
سۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ پىلانلىشى ۋە
قۇترىتىشى ئارقىسىدا «خىتايلارنى يوقىتايلى، كومپارتىيىنى ئاغدۇرۇپ تاش-
لايلى»، «سوۋېتكە كېتىشنى خالايدىغانلار بىز بىلەن مېڭىڭلار» قاتارلىق ئەك-
سىيەتچىل شوئارلارنى توۋلىدى، ئاپتوموبىللارنى پاچاقلىدى، كۆيدۈرۈ-
ۋەتتى، جەڭچىلەرنى ئۇردى، قورال - ياراق، ھۆججەت، تامغىلارنى بۇلاپ،
ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىنىڭ قۇترات-
قۇلاق قىلىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ
56 مىڭدەك ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى. ئۇلار 300 نەچچە مىڭ
تۇياق چارۋىنى ھەيدەپ كەتتى. شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن
پانتۈركىزمچىلار، مىللىي بۆلگۈنچىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىنىڭ
قاناتى ئاستىغا ئېلىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزغا قارىتا بۇزغۇنچىلىق،
ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.
1969 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىمىز قولغا چۈشۈرگەن
ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»—

ئاپتونوم رايونىمىز ئازاد بولغاندىن بۇيان قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەڭ چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ. بۇ «گۇرۇھ» جەمئىي 78 ئەكسىلئىنقىلابىي ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرغان، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىنغان ئەزا 1552 كىشىگە يەتكەن، دائىرىسى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 22 ناھىيىگە كېڭەيگەن، ئۇنىڭ ئاساسىي تايانچلىرىنىڭ كۆپىنچىسى، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز ئىكەن. باشقا مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئازادلىقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات ئەنزىسى 200 دىن كۆپرەككە يېتىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي خەلق پارتىيىسى» تەشكىلاتى قولغا چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى تېخى تازىلىنىپ بولغىنى يوق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۈرلۈك ئىچكى - تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۆزگىرىشنى خالىمىغان «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي خەلق پارتىيىسى»نىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە يېڭى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ھەرىكەتلىرى يېڭى ۋەزىيەتتە تېخىمۇ جىددىيلەشتى ۋە مۇرەككەپلەشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەت ئەللەردە ئاپتونوم رايونىمىزغا قارىتا بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغان ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلار ئۈزلۈكسىز بايقالماقتا ھەم ئۇلار ھەر خىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەرنى جىددىي ئېلىپ بارماقتا. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە تايىنىدىغان ئوبيېكتلىرى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنىڭ شەكىل ۋە ئۇسۇللىرى ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئوخشاش بولۇپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ئويدۇرۇش، بۇرمىلاش ئارقىلىق، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزدىن تۇغقان يوقلاش، ھەج قىلىشقا بارغان خادىملارنى سېتىۋېلىش، ئامما بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىش، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇترىتىش، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ مىللىي بۆلگۈنچى «ئىز باسار»لارنى تەربىيىلەش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزغا قارىتا ھەر خىل بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى.

ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر چەت ئەلدىكى دۈشمەنلەر بىلەن دوست تارتىشىپ ۋە بىر مۇقامغا توۋلاپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۆۋەندىكىدەك بىر قەدەر زور ئەكسىلئىنقىلابىي ئەنزىلەر يۈز بەردى: 1981 ـ يىلى قاغىلىق «12 ـ يانۋار» ۋەقەسى، 1981 ـ يىلى پەيزاۋات «27 ـ ماي» ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ۋەقەسى، 1989 ـ يىلى ئۈرۈمچى «19 ـ ماي» ۋەقەسى، 1990 ـ يىلى قورغاس «5 ـ يانۋار» ۋەقەسى ۋە 1990 ـ يىلى بارىن يېزىسى «5 ـ ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭى قاتارلىقلار.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ يىل 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ــ ئاپتونوم رايونىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن كۆلىمى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنىڭ بىر قېتىملىق تەشكىللىك، مەقسەتلىك، سۇيىقەستلىك ئېلىپ بارغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىش مەقسەت قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ. بۇنى بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۇزۇندىن بېرى پىلانلاپ كەلگەن. ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» قۇرغان، «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىق ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئالداش، تەھدىت سېلىش ۋە قۇرئاننى تۇتقۇزۇپ قەسەم ئىچكۈزۈش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى پەيدا قىلغان. پارتىيە رەھبەرلىكىگە ھۇجۇم قىلغان. پاتال تۈردە ئەزا كۆپەيتكەن. كۆپ قېتىم مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان، بىرلىككە كەلگەن ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشەببۇسنامە ۋە ھەرىكەت شوئارى بەلگىلەپ، مەخپىي تۈردە قورال، ئوق ـ دورىلارنى سېتىۋېلىپ ۋە ياساپ، ئاممىنى ئاشلىق، پۇل ئىئانە قىلىشقا مەجبۇرلىغان، توپىلاڭچىلارنى تەشكىللەپ ئېلىشىش مەشىقى ئېلىپ بارغان. توپىلاڭ داۋامىدا قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر، جەڭچىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر، ساقچىلىرىنىڭ قورال ـ ياراقلىرىنى بۇلىدى. قوراللىق قىسىم كوماندىر، جەڭچىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر، ساقچىلىرىنى باغلىدى، ئۇردى ۋە ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈردى. بارىن يېزىسى خەلق ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىلدى. توپىلاڭچىلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي مەقسىدى،

كومپارتىيىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشتىن ئىبارەت. ئاختۇرۇپ تېپىلغان كۆپلىگەن جىنايى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي، يەككە - يېگانە ئەمەس. شەرقتە خوتەن، شىمالدا ئۈرۈمچىگىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئىزلىرى بار. بۇلار، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئېغىر زىيىنىنى ۋە بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ كەسكىنلىكىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن تۈرلۈك ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋەقەلىرىنى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر پىلانلاپ پەيدا قىلغان ۋە قوزغىغان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشى ۋە توسۇشى ئارقىسىدا، بۇ توپىلاڭلار تېزلىكتە تىنچىتىلدى، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار تېگىشلىك جازاغا تارتىلدى. يۇقىرىدىكى كۆپلىگەن پاكىتلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى؛ ئاپتونوم رايونىمىزدا بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزۇن مۇددەتلىك، تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق كۈرەش بۇرۇن كۆپ قېتىم يۈز بەردى. بۇندىن كېيىنمۇ يەنە يۈز بېرىشى مۇمكىن، بەلكى تېخىمۇ زور ۋەقە يۈز بېرىشى مۇمكىن. بىز بۇنىڭغا پۈختا ئىدىيىۋى تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز لازىم. بىز يەنە شۇنى ئىدىيىدە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىمكى، گەرچە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا ھامان مىللەت، دىن ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋالسىمۇ، لېكىن، ئۇ ھەرگىزمۇ مىللىي، دىنىي مەسىلە ئەمەس، بەلكى، بىر مەيدان سىياسىي كۈرەش، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئىككى سىنىپ، ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن بۆلگۈنچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە قىلىپ بولمايدىغان كۈرەش. بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ پاكىتى بىزگە شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1988 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتتىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەردىن كېلىدۇ دېگەن ھۆكۈمى ھەر-

گىزمۇ نىشانسىز ئوق ئاتقانلىق، سۇبيېكتىپ ھالدا ئاساسسىز ھۆكۈم چىقارغان-
لىق بولماستىن بەلكى، تولۇق ئاساسى بار. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى
ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاپتو-
نوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسلىق
خەۋپ ئىكەنلىكى يۇقىرىقى كۆپلىگەن پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. بىزنىڭ
مەسىلىنى بۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ۋە تونۇشىمىز ھەرگىزمۇ ۋەھىمىلىك
سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى چۆچۈتكەنلىك، كىچىك ئىشنى چوڭايتىۋەتكەنلىك
ئەمەس، بەلكى، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت پاكىتلارغا ئاساسەن، ھەقىقەتنى ئەمەلى-
يەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان ئانالىز ۋە چىقىرىلغان ھۆكۈم.
ئەگەر بىز ھازىر بۇ ۋەقەلەردىن ساۋاق ئالمىساق، بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر، ئېنىق
تونۇيالمىساق، ئۇ كۆرۈپ تۇرۇپ كۆر مەسلىككە سالغانلىق بولىدۇ، ئىنتايىن خەتەرلىك.

## ٣. مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خەۋپ

مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ بولۇپ، ئۇلار
پۇرسەت تاپسىلا ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
بۇزىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، بۇنى
ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى بەلگىلىگەن، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئىرا-
دىسىگە باقمايدۇ. بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى شىن-
جاڭدا ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش بولۇپلا قالماي، بەلكى بەزىدە ناھايىتى كەسكىن
بولىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇر
قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، بۇ كۈرەش تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى ۋە كەسكىنلەشتى.
خەلقئارادا غەرب دۆلەتلىرى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتا «تىنچ ئۆز-
گەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان چوڭ كىلىمات، دۆلەت
ئىچىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش يامراپ كېتىشتەك كىچىك كىلىمات تۈپەي-
لىدىن، بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلى بېيجىڭدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەرگەن
ۋە شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش ھەم داۋالغۇش بولغاندىن
بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىر - بىرىگە
ماسلىشىپ، شىنجاڭغا قارىتا سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، بۆلگۈن-
چىلىك قىلىش، بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ

بىلەن بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى ۋە تېخىمۇ رېئاللىققا ئايلاندى.

1) چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەربىي ئاسىيادىكى تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا تولتۇراقلىشىپ قالغان ئەيسا قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى يۈسۈپ مۇخلىسوپ قاتارلىق كىشىلەر باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر، ھەم ئامېرىكا، غەربىي گېرمانىيە قاتارلىق غەرب كاپىتالىستىك دۆلەتلىرى قوللاۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشىدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ كېتىش، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان تۈرلۈك نامدىكى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ باشقۇرۇشى ۋە قوللىشى ئاستىدا، تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭغا قارىتا سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى.

بىرىنچىدىن، ئۇلار بۆلگۈنچىلىك تۇغرىسىدا كۆپلەپ جامائەت پىكرى تۇپلاپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى تەرغىب قىلىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. يېقىندىن بۇيان، چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئاپتونوم رايونىمىزغا قارىتا ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى ۋە سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتتى. ئۇلار مەخسۇس نەشرىيات ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئۆزبېكچە تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئېنگلىزچە يېزىقلاردا پارتىيىمىزنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بوھتان چاپلايدىغان، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى بۇرمىلايدىغان، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىدىغان گېزىت - ژۇرنال ۋە كىتابلارنى كۆپلەپ نەشر قىلدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزغا «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، «شەرقىي تۈركىستان خەرىتىسى»، «شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق كۈرىشى»، «شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا»، «نېمە قىلىش كېرەك»

قاتارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىدىغان نەچچە 10 خىل كىتاب ئېلىپ كىردى. ئۇلار مەخسۇس ئون نەچچە رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، خەنزۇ تىللىرىدا ھەر كۈنى قەرەللىك تۈردە ئاپتونوم رايونىمىزغا قارىتا بۆلگۈنچىلىك ۋە جۇڭگوغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. «ئامېرىكا ئاۋازى» شىنجاڭغا قارىتا ھەر كۈنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى قېتىم ئاڭلىتىش بېرىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل تەشۋىق بۇيۇملىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزغا ئەۋەتىپ ھەم ئېلىپ كىرىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. بۆلگۈنچىلىك سەپسەتىلىرىنى تارقىتىۋاتىدۇ. 1983 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە پەقەت قەشقەر تاموژنىسى چېگرىدىن كىرگۈچىلەر قونجىراپ ئېغىزىدىن ئېلىپ كىرگەن 90 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك كىتابنى ئاقتۇرۇپ تۇتۇپ قالدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە مىللىي مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ئازادلىق تەرغىب قىلىنغان ياكى قۇتراتقۇلۇق قىلىش، ئىسلام روھىنى تەرغىب قىلىش، شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاش، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش مەزمۇن قىلىنغان.

ئىككىنچىدىن، تۈرلۈك يول ۋە ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئاخبارات توپلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئاشكارا، قانۇنلۇق يوللاردىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇھىم ئورۇنلارغا سىڭىپ كىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى ئاخباراتلارنى توپلاپ، شىنجاڭغا قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق، سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ. 1985 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە قانۇنلۇق سالاھىيەت بىلەن قەشقەر رايونىغا تۇغقان يوقلاشقا، ساياھەتكە، زىيارەتكە كەلگەن چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار ئىچىدە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدە ۋەزىپىلەر بىلەن كەلگەنلىكى بايقالدى.

ئۈچىنچىدىن، ئۆزىگە تارتىش، سېتىۋېلىش، ئىچىدىن قوزغىلىشقا ئۈندەش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بۆلگۈنچى كۈچلەرنى پائال راۋاجلاندۇردى. ھەم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىدىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، توپىلاڭ پەيدا قىلىش سۇيىقەستىدە بولدى. ئۇزۇندىن بۇيان، ئەيسا گۇرۇھى خىلمۇ - خىل ئامىللار بىلەن قەشقەر، ئىلى، يەكەن قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن ماجىرا، ۋەقەلەرگە دائىر ماتېرى-

ياللارنى توپلاپ، ھەدەپ ئىغۋا تارقىتىپ ئامىمنى قايمۇقتۇردى. ئۆتكەن يىلى ئۇرۇمچىدە «19 - ماي» ئىغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش پاراكەندىچىلىك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەيسا «19 - ماي» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا قاتناشقان زوراۋانلارنى «ئويغانغان موسۇلمانلار» دەپ ماختىغان ھەم «بۇنداق ۋەقە قانچە كۆپ يۈز بەرسە شۇنچە ياخشى، بۇ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن زور تەۋرىتىش رولىنى ئوينايدۇ» دېگەن. بەزى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارمۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ: «ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرايلى»، «خەنزۇ مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلايلى» دەپ قۇترىتقۇلۇق قىلغان. يېقىندىن بۇيان، شەرقىي ياۋروپا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن چەت ئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ھەدەپ ھەرىكەت قىلىپ، «يېڭى كۈرەشكە ئاتلىنايلى»، «مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرايلى»، «چوڭ توپىلاڭ قوزغايلى» دەپ جار سالدى. چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر جان - جەھلى بىلەن شىنجاڭنى دۆلىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «بۆسۈش ئېغىزى» قىلىپ، شىنجاڭدا «خەلقئارا تەسىرگە ئىگە ۋەقە» پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىكى «دىيمىشۋارا» قىلماقچى بولدى.

2) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەكسىيەتچى تەشكىلات، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات ۋە قانۇنسىز تەشكىلاتلارنىڭ نەق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى باش كۆتۈرۈپ قالدى.

بۇنداق ئەكسىلئىنقىلابىي نەق ھەرىكەتلەرنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىق نامى بىلەن بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا چوڭ كېلىماتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي نەق ھەرىكەتلەر ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلى باش كۆتۈرۈپ قالدى، مىللىي مۇستەقىللىق توغرىسىدا قۇترىتقۇلۇق قىلىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئەنزىلەر كۆپەيدى. بىز تەرەپتىن باستۇرۇلغان شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ ئەرۋاھى تېخى يوقالماي، يېقىندىن بۇيان يېڭى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇرۇن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن بەزى «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» ئەزالىرى ئارقىمۇ - ئارقا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇرۇق - تۇغقان-

لىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ بەزى قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە بىر قىسىم كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان ياكى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى»نىڭ ئەزالىرىدىن بەزىلىرى ئەنزە ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بەزىلىرى داۋاملىق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ يېقىندىن قۇرۇلغان بىر قىسىم ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلار تەشكىللىك ھالدا پروگرامما تۈزۈپ، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىش سىياسىي مۇددىئاسى ئىنتايىن ئېنىق. بۇ يوشۇرۇن ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلار، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ۋە قانۇنسىز تەشكىلاتلار چەت ئەلدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن بىر - بىرىگە دوست تارتىشىپ، پۇرسەت تاپسىلا قۇتراپ، تۈرلۈك ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بەزىلىرى مەخپىي ئالاقە باغلاپ، قانۇنسىز يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، كۈچ توپلاپ، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت پىلانلاۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى ئەكسىلئىنقىلابىي شوئار، تەشۋىق ۋاراقلىرىنى چاپلاپ، بۆلگۈنچىلىك سەپسەتىلىرىنى تارقىتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا 1987 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە «ئويغۇنۇش»قا، «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش»قا قۇترىتىدىغان، «شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشى»نى تەرغىب قىلىدىغان ئەكسىيەتچى شوئارلاردىن 178 قېتىم، 596 پارچە چاپلاندى.

### 3. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىنلەشمەكتە

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى. بۆلگۈنچىلىك ھەققىدىكى جامائەت پىكرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى: شىنجاڭ — شەرقىي تۈركىستان، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ بىر مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ كەلگەن؛ شىنجاڭ تارىخىدىكى فېئودالىزمغا قارشى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ ھەممىسى تاشقى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرغان؛ خەنزۇلار مۇستەملىكىچى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ۋە تالان - تاراج قىلغۇچى، «ئىككى ئايرىلماسلىق» ئەمەس، بەلكى خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ؛ شىنجاڭنىڭ بايلىقى شەرققە ئېقىپ كەتتى، خەنزۇلار غەربكە ئېقىپ كەلدى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى؛ ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتا پىلانلىق تۇغۇت

يۈرگۈزۈشتىكى مەقسەت — ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت؛ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنى تەسىس قىلىشتىكى مەقسەت - ئۇيغۇرلارنى ھەربىي دىكتاتۇرا ئاستىغا ئېلىشتىن ئىبارەت؛ كومپارتىيە بىلەن دىن بىر - بىرى بىلەن زادى چىقىشالمايدۇ، دەپ دىنىي ئەسەبىلىكنى قوزغىتىش ئارقىلىق باشقا دىندىكىلەرگە قارشى تۇردى؛ ئۇيغۇرلار «ئۇيغىنىپ» خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، «ۋەتىنىمىز مۇستەقىل بولۇشى»نى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم؛ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى زوزۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى بىلەن باشلانغان، سەددىچىن سېپىلى خەنزۇلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان چېگرىسى، تارىختا ئۇيغۇرلار خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەزەلدىن قوبۇل قىلىپ باقمىغان؛ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئادەم ئىشلىرى، مالىيە، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى يۈكسەك ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئۇيغۇرىستان ئاپتونوم رايونى قۇرۇش لازىم دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، ئەڭ زەھەرخەندىلىك سۆزلەر بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ھاقارەتلىدى ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى.

بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، ئىدىيە، نەزەرىيە، تەشۋىقات، جامائەت پىكرى قاتارلىق ساھەلەردە ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. بەزى كىشىلەر دەرس ئۆتۈش، ماقالە يېزىش، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىش، كىتاب چىقىرىش، ئويۇن قويۇش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، تارىخنى بۇرمىلىدى، خەلق ئاممىسىغا بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارغا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈپ، ئىسلام روھىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر خىل ساغلام بولمىغان ئىدىيىلەرنى تارقاتتى، ھەتتا «مۇستەقىللىق، ئازادلىق، ئەركىنلىك، ئۇيغىنىش» قاتارلىق ئىدىيىۋى كۆز قاراشلارنى بازارغا سالدى ۋە تەرغىب قىلدى، بۇ جەمئىيەتتە يوشۇرۇن زەھەرلەش رولىنى ئوينىدى. بىلىم ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇقىملىققا پايدىسىز بولغان بۇ ئامىللار، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان يوشۇرۇن ئاپەتكە ئايلاندى ھەم رېئال يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى ئالىي مەكتەپلەردە، ھەتتا بەزى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى، كۆز قاراشنى تەرغىب قىلىش ئىشلىرى، سۆزلىگۈچى قورقمايدىغان، ئاڭلىغۇچى ئەجەبلەنمەيدىغان ئاشكارا ئىشقا ئايلاندى ۋە بىر خىل مۇھىت بولۇپ شەكىللەندى. بەزى ئالىي مەكتەپ

ئوقۇتقۇچىلىرى مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ دەۋرىمىزدە ئۆيىنىمىش تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى ياخشى قىلىشىمىز لازىم». ئۇلار «ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان 10 جۈملە سۆزىدە، مىللەتنىڭ ئويغىنىش مەزمۇنىدىكى بىر جۈملە سۆز بولۇشى كېرەك» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. «بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىياسەت ئوقۇتقۇچىسى دەرسخانىدا ئوچۇق ئاشكارا ھالدا، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قوشۇلىدىغان ساۋاقداشلار قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، دەپ قۇترىتقۇلۇق قىلغان. قاراقاش ناھىيىسىدە بىر ئوقۇغۇچىنى ئەكسىيەتچىل شوئار چاپلىغانلىقى ئۈچۈن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرگەندە، سىنىپ مۇدىرى سوۋغىلارنى ئېلىپ تۇرمىگە بېرىپ ھال سورىغان، مەكتەپ مۇدىرى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ «نارازىلىق بىلدۈرگەن». كىرىيە ناھىيىسىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەكسىيەتچىل شوئار پەيدا بولغاندا مەكتەپ مۇدىرى نەق مەيداننى بۇزۇۋەتكەن ھەم سىنىپ مەسئۇللىرى يىغىنى ئېچىپ، «سىرتقا قارىتا ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلىمەسلىك»نى ئېلان قىلغان. بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە جامائەت پىكرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈرۈمچى، بورتالا، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق شەھەر، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى مەزمۇن قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار چاتاق چىقىرىش ۋەقەسى كۆپ قېتىم ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى. بۆلگۈنچىلىك مەقسەت قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلار، ئەكسىيەتچىل شوئار، تەشۋىقات ۋاراقلىرى، نامسىز خەتلەر ئاپتونوم رايوندىكى ئالى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇردى. قەشقەر ۋىلايىتىدە 1986 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە قولغا چۈشكەن ئەكسىيەتچىل شوئار، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقاتقان 72 كىشى ئىچىدە 20 ياشتىن تۆۋەن ياش - ئۆسمۈر 57 كىشى بولۇپ، 79·2% نى تەشكىل قىلغان؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە 15 ياشتىن تۆۋەن بولغانلار 16 نەپەر، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 55 نەپەر، ئوقۇغۇچىلار كادىرى ۋە ئىتتىپاق ئەزاسى 27 نەپەر، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى سەۋىيىدىكىلەر 39 نەپەر. بۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەنزە تۇغدۇرۇشتىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۇلار بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ۋە جامائەت پىكرىنىڭ تەسىرى ۋە زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا

قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇلۇۋاتقان: «ئويغىنىش»، «بالدۇر ئويغانغانلار»، «ئىز»، «ئۇيغۇرلار»، «ھونلار تارىخى» قاتارلىق 50 نەچچە خىل كىتاب ۋە ژۇرنال بار. بۇ كىتاب ژۇرناللارنىڭ نۇرغۇن كۆز قاراشلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىققان ئەكسىيەتچىل شوئارلارنىڭ مەزمۇنىغا پۈتۈنلەي ئوخشاپ كېتىدۇ. بەزى ئەكسىيەتچىل شوئار، ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋاراقلىرىدا «ئويغىنىش»تىكى شېئىرلار ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىپ چاپلانغان ۋە تارقىتىلغان. ئەگەر بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ خالىغانچە راۋاجلىنىشى ۋە يامراپ كېتىشىگە يول قويۇلسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

**4. دىنىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىش بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، مىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ**

بۇ مەسىلە ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك ئەندىشە قىلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ جەھەتتىكى ئىپادىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، تاشقى دۈشمەن كۈچلەر دىننى مەنىۋى قورال ۋە بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا دىنىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرمەكتە. ئۇلار قوللانغان ئۇسۇللار: پۇل بىلەن ئۆزىگە تارتىش، مەسچىت سېلىشقا پۇل ياردەم قىلىش؛ پۇل چىقىرىپ بەزى ياشلىرىمىزنى چەت ئەلدىكى دىنىي شۆيۈەنلەرگە ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىش؛ دىنىي زاتلار نامىدا دۆلىتىمىزگە ھەرىكەت قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئىچىدە ئوخشىمىغان دىنىي كۆز قاراشلارنى تەشۋىق قىلىپ، دىنىي ماجىرا پەيدا قىلىش، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى تارقىتىش؛ مەزمۇنى ئەكسىيەتچىل دىنىي كىتاب، ژۇرناللارنى ئەۋەتىپ بېرىش؛ ھەرەمگە بارغانلارنى ئۆزىگە تارتىش، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈش قاتارلىقلار. ئىككىنچى، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇترىتىش. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەسچىتلەرنىڭ سانى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئالدىدىكىدىن خېلىلا كۆپىيىپ كەتتى. بەزى مەسچىتلەر نەچچە يۈز مىڭ يۈەن ياكى نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىش ئارقىلىق سېلىنىدى. بەزى مەسچىتلەر يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي بېكىتىپ «غازات تارىخى»نى ئوچۇق ئاشكارا تەشۋىق قىلدى. يەنە بەزى ئاز ساندىكى كىشىلەر مەسچىت سېلىش ۋە دىنىي پائالىيەت

ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىنى توپلاپ ماجىرا چىقىرىپ، مىللىي ئىختىلاپ پەيدا قىلدى. ئۈچىنچى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر قانۇنسىز ھالدا دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ياش ئۆسمۈرلەرنى ئۆزىگە تارتتى ۋە زەھەرلىدى. ئەڭ ئېغىر بولغىنى، كۇچار ناھىيىسىدىكى ئابدۇكېرىم ۋەلى ئىسىملىك غەيرىي دىنىي زات ئۆز مەيلىچە سەككىز دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، 700 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان (ئۇنىڭ قوبۇل قىلغانلىرى ئاساسەن جەمئىيەتتىكى ياشلار، يەككە تىجارەتچىلەر ۋە خىزمەتچى خادىملار، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئايال ئوقۇتقۇچى، قىز ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت). بۇ دىنىي مەكتەپتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىن نارازى بولغان سۆز، كۆز قاراشلارنى ۋە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى ھەدەپ تارقىتىپ، 4 - ى يىلدا بۇ ئوقۇغۇچىلارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغان پېشقەدەم دىنىي زاتلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىتىمەن دەپ جار سالغان. تۆتىنچى، قانۇنسىز دىنىي كۈچلەر ئاساسىي قاتلاملاردىكى كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆزىگە تارتىش ۋە ئۇلارغا تەھدىت سېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بەزى دىنىي كۈچلەر «ئۆلسەڭ جەسىتىڭنى يۇمايمىز، نامىزىڭنى چۈشۈرمەيمىز» دېگەندەك سۆز ۋە ھەر خىل تەھدىت سېلىش، ئۆزىگە تارتىش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، ئاڭ - سەۋىيىسى تۆۋەن بەزى يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇردى. بۇ ئامما ئىچىدە پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى جايلاردا ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى سىڭدۈرۈپ ئىدىيە، نەزەرىيە بازىسىنى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى، ياش ئۆسمۈرلەرنى تالىشىپ، ئوچۇق ئاشكارا ھالدا مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاساسىي قانۇن، قانۇن، پەرمانلار ۋە پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى يول قويىدىغان دائىرىدىن تامامەن ھالقىپ كەتتى. قىسقىسى، قانۇنسىز ۋە قانۇنغا خىلاپ دىنىي پائالىيەتلەر يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاممىغا بولغان بىر خىل بېسىمغا ئايلىنىپ، ھەقىقەتەن بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىنتا-

يەن ئازساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆرۈلگەن دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلىدىغان، ماركسىزملىق ئاتېئىزم كۆز قارىشىغا ھۇجۇم قىلىدىغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغان كادىرلار ۋە دىنىي زاتلارنى تىللايدىغان، قورقىتىدىغان قويۇق سىياسىي تۈس ئالغان ھەرىكەتلەر شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك يوشۇرۇن ئاپەت بولۇپ شەكىللەندى.

تارىخىي ۋە رېئال كۆرەش بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ھۆكۈمنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئۇيغۇن بولغان توغرا يەكۈن ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى. بۈگۈنكى كۈندە بىز بۇ مەسىلىلەرنى سەگەكلىك بىلەن چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك ئاڭنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، سىنىپىي كۆرەش قارىشىمىزنى ۋە دۈشمەندىن ھوشيار تۇرۇش ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈپ، بۆلگۈنچى كۈچلەر، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.

4. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن فاڭجېننى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى كۆرەش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوغدىشىمىز لازىم.

(1) تونۇشنى ئۆستۈرۈپ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن فاڭجېن ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بىز بۇ مۇپەسسەل ھۆكۈمنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنى-

ئۆۋېلىشىمىز لازىم. نۇرغۇن پاكىت ۋە جەددىي ھەم مۇرەككەپ ۋەزىيەت بىزگە خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەڭ ئاساسلىق خەۋپ — مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى. سىياسىي مۇقىملىق بولمىسا، جەمئىيەت مۇقىم بولمىسا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە باشقا بارلىق خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇقىملىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ يىل، بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىشىنى ئېلىپ بارىدىغان ھالقىلىق بىر يىل، مۇقىملىقنى ساقلاش روشەنكى تولىمۇ مۇھىم ۋە تەخىرسىز.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، كۆپ قېتىم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۇتۇشنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇقىملىقنى قوغداش، مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى تۇتتى. فۇنكسىيىلىك تارماقلار ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش يولىدا پائال تىرىشىپ خىزمەت ئىشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇقىملىقنى تۇتۇشتەك ۋەزىيەت ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى ۋە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىكى بىر ئاچقۇچلۇق مەسىلە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلارنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئۆزۈندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەتتىن بولغان سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى. مۇندىن كېيىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە قىلىشىمىز لازىم. پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشىغا قانداق ماسلىشىشنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىشىمىز، ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇپ ئالاقە دائىرىمىز كەڭ، تەسىرىمىز كۈچلۈك، تەجرىبىمىز مول بولۇشتەك ئەۋزەللىكىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۆپرەك ئىشلىشىمىز لازىم. بايرىقىمىز روشەن ھالدا بارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى توسۇپ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى بوشاشماي ياخشى ئىشلەپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاكتىپ ئاتلىنىشى لازىم. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە ئاكتىپ تەكلىپ بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا دائىر تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەمكارلىشىشى لازىم. سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت، ھەر ساھە، ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش،

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى ئاكتىپلىقنى تولۇق قوزغاپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن بارلىق كۈچ بىلەن ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، تۈزەش، ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

2) شىنجاڭدىكى كەڭ ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن بىرلىكىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشىمىز لازىم. نۆۋەتتىكى كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا، ئەڭ مۇھىمى، پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇش، خەلق ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش، شۇ ئارقىلىق مۇقىملىقنى پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ھەممە پەس، تەقدىرداشلىق ئاساسىغا ئورنىتىش لازىم. شۇنداق مۇقىملىقلا مۇستەھكەم، يىمىرىلمەس بولۇپ، ھەر قانداق بوران - چاپقۇننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «خەلققە تايىنىدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادچانلىق كۈچىنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان، خەلققە ئىشىنىدىغان، خەلق بىلەن ئىچقويۇن، تاشقويۇن بولۇپ كېتىدىغانلا بولساق، ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيمىز، ھەر قانداق دۈشمەن بىزنى يېڭەلمەيدۇ، بەلكى بىز ئۇلارنى يېڭەلەيمىز». شۇڭا، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش كۈرىشىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا، ۋەتەن بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز لازىم. بۇ قېتىم بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەرگەندە نېمە ئۈچۈن ئاز ساندىكى ئاممىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارغا ئەگىشىپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، بىزنىڭ ئاساسىي قاتلام خىزمىتىمىز، ئاممىۋى خىزمىتىمىز ئاجىزلىشىپ كېتىپ دۈشمەن بۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ كەتكەن، ئاز

ساندىكى ئامما دۈشمەننىڭ ئالدىشىغا، قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان. شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ھەر قانداق چاغدا ئىنتايىن ئاز ساننى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەكسىلئىنقىلابىي بولغانلىقى، خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەنلىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكىدىن كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلار بىر مەزگىل ئاز ساندىكى ئاممىنى ئالداپ، قايمۇقتۇرالىسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن تونۇۋېلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. بىز، كەڭ كادىرلار، ئامما بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا ئۇلارغا قارشى قەتئىي تىغمۇ - تىغ كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدىغانلا بولساق، جەزمەن ئۇلار ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلارنى «كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر - ئۇرغا قاپتۇ» دېگەندەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويالايمىز. بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمايدىغانلىقىنى، جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ج ك پ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ۋە « ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي كېڭىشىش تۈزۈمى توغرىسىدىكى پىكرى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشى، ئۆزىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش خىزمىتىدىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

3) تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش لازىم.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپ پارتىيىمىز ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرغاندا جەمئىيەت مۇقىم، ئىتتىپاق، ئۈمىدكە تولغان بولىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن چەتنىگەندە قالايمىقانچىلىق، پارچىلىنىش كېلىپ چىقىدۇ، جەمئىيەت بالايىئاپەتكە يېتىپ قالىدۇ. شۇڭا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشتىن - ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى كىملەر بىز-

نىڭ دۈشمىنىمىز، كىملەر بىزنىڭ دوستىمىز ئىكەنلىكىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشىمىز، ئىدىيىمىزنى تۈپ ئاساسىي پرىنسىپ ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپنى تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزنى ئۆلچەشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىشىمىز، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپنى قورال قىلىپ، بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، تىرىشىپ خىزمەت ئىشلىشىمىز ئارقىلىق، خېلى كۆپ ساندىكى كادىر ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۆتكەن يىلى مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى توسۇش ۋە تىنچىتىش تەدبىرىنىڭ تامامەن توغرا بولغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇپ يەتتى. لېكىن، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىكى، مۇرەككەپلىكى، بولۇپمۇ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە توغرىلىقىغا نىسبەتەن، ھازىر ھەقىقەتەن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تونۇشىدا مۈجمەللىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر ساقلانماقتا. بەزى چوڭقۇر قاتلاملىق ئىدىيىۋى مەسىلىلەر تېخى ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق. بۇمەسىلىلەرنى تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا نۇرغۇن ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئارقىلىقلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھەر ساھە ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىمىز ئالاقە قىلىدىغان كەڭ ئاممىغا پاكىت ھەم دەلىل سۆزلەپ، ئۇنۇملۇك تەشۋىق تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك مۈجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز، تۈرلۈك پىتنە - ئىغۋالارنى تۈگىتىشىمىز، مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى قوللايدىغان بارلىق خاتا ئىدىيەلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئەركىن يامراپ، كېلىمات بولۇپ شەكىللىنىپ، ئىشلىرىمىزغا زىيان يەتكۈزۈشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز لازىم.

ئۆتكەن يىللىق سىياسىي ۋەقە ۋە بۇ يىللىق بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش داۋامىدا، قوشۇنىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى مۇجمەل بولغانلىقتىن، پىتنە-ئىغۋالارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىپ، بەزى خاتا سۆز ۋە خاتا ئىشلارنى قىلىپ، ئىدىيىۋى يۈك يۈدۈۋالدى. لېكىن ئۇلار تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خاتالىقىنى تونۇپ تۈزەتسىلا، بىز پارتىيىنىڭ «ئالدىنقىلاردىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش» تىن ئىبارەت ئىزچىل سىياسىتى بويىچە، ئۇلارغا ياردەم قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارغا ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، يۈكنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىز بىلەن بىرلىكتە، ئالغا بېسىش شارائىتى يارىتىپ بېرىمىز.

(4) خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى. ئېنىق ئايرىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش لازىم. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى — بىر مەيدان سىنىپىي كۈرەش. سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسىدە، ئالدى بىلەن دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىزنى، كىمنىڭ دۈشمىنىمىز، كىمنىڭ دوستىمىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىمىز كېرەك. قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقتىن قەتئىينەزەر كىمكى پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرسا، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلىسا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزسا، ئۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز؛ پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلغان، ۋەتەن بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دوستىمىز. بىز ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە رەھبەرلىكىدە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ھازىر بەزىلەر مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا نىسبەتەن بىر خىل ناتوغرا قاراشتا بولماقتا. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى تىلغا ئالساقلا، بەزى كىشىلەر: بۇ مىللىتىمىزگە قارشى تۇرغانلىق، دېيىشمەكتە. بۇنداق تونۇش ئىنتايىن خاتا، قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلەر — ئەكسىيەتچى كۈچ، ئۇلار ھېچقانداق مىللەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇلار مىللەتلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. شۇڭا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، ئۇلارنى قانۇن بويىچە جازالىشىمىز ۋە ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. ھەرگىز دۈشمەننى دوست دەپ بىلمەسلىكىمىز، ئۇلارغا يۇمشاق قوللۇق

قىلماسلىقىمىز، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتەسلىكىمىز لازىم. بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن توغرا تونۇشتا بولۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا توغرا قارىشىمىز كېرەك.

خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا پەرقلەندۈرۈشىمىز ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ھامان مىللەت ۋە دىن نامى بىلەن ئاممىنى ئالدايدىغان ۋە بەزى ئاڭ سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىغان كىشىلەر بۇنداق ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولغاچقا، كۈرەش داۋامىدا دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ۋە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز. شۇڭا، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى زىددىيەت — دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھېسابلىنىدۇ. كادىر ۋە ئامما ئىچىدىكى خاتا ئىدىيىۋى خاھىشلار گەرچە تەنقىد قىلىپ تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تونۇش مەسىلىسىگە ياتىدۇ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت. دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مۇرەسسە قىلىپ بولمايدىغان كەسكىن سىنىپىي كۈرەش. دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردە چەزمەن مەيدانىمىز مۇستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن ھالدا، دىكتاتۇرا ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەنلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەردە خاتالىق ئۆتكۈزگەن يولداشلارغا نىسبەتەن ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، تەنقىد - تەربىيە بېرىش ئارقىلىق ئىتتىپاقلىق مەقسىتىگە يېتىشىمىز لازىم. بۇنداق تەنقىد، تەربىيە سەممىي، سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن مەقسەت يولداشلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش بولۇپ، ئۇلارنى كەمسىتمەسلىك لازىم. ئۇلارنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، دۈشمىنىمىز بىلەن دوستىمىزنى ئېنىق ئايرىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا ئايرىپ، ياخشى بىر تەرەپ قىلىدىغانلا بولساق، زور كۆپچىلىك ئاممىنىڭ بىز بىلەن بىرلىكتە

بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز، ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان يوشۇرۇن ئاپەتنى تۈگىتىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرالايمىز ۋە بارغانسېرى ياخشىلىيالايمىز.

5) پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدىن ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدىغان كۆپلىگەن تەجرىبە، ساۋاقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى: پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدە: ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولۇش، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولۇش، ھەر قانداق كىشىنىڭ باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلىشىغا بولمايدىغانلىقى، باشقىلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ بىزنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزدىكى ئاساسىي سىياسىتىمىز، بۇ ئاساسىي سىياسەتنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، مۇقىملىق فاكتورىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇشىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. بۇ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز، تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئىچىدە دىنىي ساھەدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە زاتلار كۆپ، بەزى ئەزالار ئەسلىدىلا ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات. شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

1982 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ دىنىي مەسىلىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن ئاساستا تۈزگەن 19 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئېلىمىزنىڭ سوتسى-

يالىزم دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي كۆز قارىشى ۋە ئاساسىي سىياسىتى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق شەرھلەنگەن. پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى بەزى خاتا ئىدىيە ۋە مۇجمەل تونۇشلار، كۆپلىگەن سىياسەت چەكلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى 19 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى تارقاتتى. بۇ ئىككى 19 - نومۇرلۇق ھۆججەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى سىياسىي ئاساس. شۇڭا ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتى بىلەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر تەرغىب قىلىۋاتقان «دىنىي ئەركىنلىك»نىڭ چېكىنى ئېنىق ئايرىپ، ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەر قوزغىتىۋاتقان دىنىي ئەسەبىيلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پاش قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ پەيدا قىلىش سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىشىمىز لازىم. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ مىللىي مەسىلە ئەمەس، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس، لېكىن بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئاممىنى قوزغىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھامان دىننى دەستەك قىلىپ بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۇسۇلى ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىسىم ئاممىنى ئالداپ ۋە قايمۇقتۇرۇپلا قالماي، بەلكى دىنىي سىياسەت قارىشى ئاجىز بولغان ئاز ساندىكى دىنىي زاتلارنى ھەتتا ئاز ساندىكى كادىرلارنىمۇ قايمۇقتۇرىدۇ. بۇنداق ساۋاقلارنى ئەستە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ۋە ئاكتىپ تۆھپە قوشتى، بۇ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. پارتىيە ۋە خەلق بۇنى ئۇنۇتمايدۇ.

كۆپچىلىكتىن بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، داۋاملىق تۈردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت ئومۇملۇقنى چىقىش قىلىپ، ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسىغا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىشنى ھەم ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەت تارماقلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشىغا ياردەملىشىشنى، مەمۇرىي، ئەدلىيە، مائارىپ ۋە نىكاھ ئىشلىرى قاتارلىقلارغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ دىنىي پائالىيەتلەرنى قەتئىي چەكلىشىنى، دىن تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ۋەقەسى ئارقىلىق، توپىلاڭچىلارنىڭ دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاممىنى قايمۇقتۇرغان ۋە ئالدىغان شوئار ۋە ئۇقتۇرۇشنامىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ئۇلاردىن چەك - چېگرىنى ئايرىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. شەخسلەر تەستىقلاتماي ئۆز ئالدىغا ئېچىۋالغان دىنىي مەكتەپلەرنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم، بۇنىڭدىن كېيىن دىنىي مەكتەپلەر تەستىقلىتىلىشى، ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ئېچىشى ھەم ئۇلارنى باشقۇرۇش ھەققىي تۈردە كۈچەيتىلىشى لازىم. دىنىي پائالىيەتلەر دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇن، پەرمانلىرى ۋە پارتىيىنىڭ سىياسىتى يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى قوغداش، تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى قوغداشتىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش لازىم. پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنىي ساھەسى خەلقئارا دوستانە بېرىش - كېلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە شىنجاڭنىڭ غايەت زور ئۆزگىرىشىنى تەشۋىق قىلىشتا ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى. لېكىن چەت ئەللەردىكى ئەكسىيەتچى دىنىي

كۈچلەر ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرمۇ دىنىدىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزگە سىڭىپ كىرىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر ھوشيارلىقىمىزنى يوقىتىپ قويىدىغان بولساق، ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. شۇڭا ئۆز ئىشىمىزغا ئۆزىمىز خوجا بولۇش، دىنىي ئىشلارنى ئۆزىمىز باشقۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، چەت ئەللىكلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويماسلىقىمىز لازىم. دىنىي ساھەدىكى دوستلىرىمىز چوقۇم ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈشى، چەتتىن كەلگەنلەرنىڭ تەكلىپ، سوۋغا - سالاملىرى ۋە ئەكسىيەتچىل مەزمۇنغا ئىگە تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى قوبۇل قىلماسلىقى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزغا ئېكسكۇرسىيىگە، زىيارەتكە ۋە تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن دىنىي زاتلارنى دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىگە ئەمەل قىلىشقا ياخشى نىيەت بىلەن يېتەكلەش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى بەدنىيەتلەرنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق، ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش كېرەك. دىنىي ساھەدىن بولغان سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىشتەك نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىغا ئۈلگە كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەزالار: مۇقىملىقنى ساقلاش — نۆۋەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇھىملىق، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالىي مەنپەئىتى، بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز. بىز، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە، ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئەبەدىي ئامان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

مەخسۇس سان.

# ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن زادى قانداق نېمە؟

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ چوڭ يىغىندا پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن خۇشالمەن. 30- يىللاردا پان تۈركىزىم ئەكسىيەتچى پىكىر ئېقىمى شىنجاڭغا كىرگەندىن بۇيانقى تارىخقا نەزەر سالساق، بىز مۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەنىدۇق: قاچان، قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەزى مىللىي بۆلگۈنچىلەر دىنىي ۋە مىللىي نىقاب ئاستىدا بىرەر توپىلاڭ، قوزغىلاڭنى پىلانلىسۇن، ئۇلار ھامان «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن سۆزنى كۆتۈرۈپ چىققان ھەم ئۇنى ھەرىكەت پروگراممىسى ۋە شوئارىنىڭ يادروسى قىلىپ پايدىلانغان. بۇ قېتىمقى بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ شوئارلىرىنىڭ بىرىمۇ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئىكەن.

«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن زادى قانداق نېمە؟ بۇ ئىبارە قاچان، قانداق قىلىپ ۋە نېمىشقا پەيدا بولغان؟ بەزى يامان غەرەزلىك كىشىلەر ئۇنى قانداق سۇيىئىستېمال قىلغان؟ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ تۈپ ماھىيىتى نېمە؟ — مەن ئەنە شۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزەمنىڭ بەزىبىر تونۇش ۋە مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. خاتا يەرلىرى بولسا، كۆپچىلىكنىڭ تەنقىد بېرىپ تۈزىتىشىنى سورايمەن.

(1)

ھەممىگە مەلۇمكى، ھازىرقى شىنجاڭ تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنى غەربىي خەن سۇلالىسى بۇ يەردە تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغاندىن باشلاپ بۇ رايون «غەربىي دىيار» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. «غەربىي دىيار» دېگەن بۇ ئۇقۇم تار مەنىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى دۇڭخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي - شىمالىدىن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا-

نىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ كەڭ زېمىندا مىللەت-
لەر ئارىسىدا بۇ زېمىنغا تېخى بىر ئومۇمىي نام بېرىلگەن ئەمەس. مىلادى 10-
ئەسىر بىلەن 13-ئەسىر ئارىلىقىدا ئۆتكەن ئەرەب-پارس تارىخچىلىرىدىن ئەل
تەبەرى، مۇھەممەت ئەۋفى، ئىبنى خالدۇن، جۇۋەينى قاتارلىق كىشىلەر بۇ يەرلەردە
ئاساسەن تۈركىي قەۋملەر ياشىغانلىقىغا قاراپ، بۇ زېمىننى ئەرەبچىدە «مەمالىك
ئەتراك» (يەنى تۈركلەر مەملىكىتى) دەپ ئاتىغان. پارسچىدا بولسا، «تۈرك»
دېگەن سۆزگە پارس تىلىدا «ئورۇن» ياكى «زېمىن» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان
ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «ستان»نى قوشۇپ «تۈركىستان» (يەنى تۈركلەر
ياشايدىغان زېمىن) دەپ ئاتىغان. 19-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن باشلاپ،
غەرب ئەللىرىدە شەرقشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، رادلوف، بار-
تولد، ۋامبېرى قاتارلىق بەزى ياۋروپا ئالىملىرى پارس ئالىملىرىنىڭ ئىزى-
دىن مېڭىپ، «تۈركىستان» دېگەن سۆزنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىن-
جاڭنىڭ ئومۇمىي جۇغراپىيىلىك نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ
چار پادىشاھلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋالغاندىن كېيىن،
ئۆزىنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىنىڭ ئومۇمىي
نامىنى «تۈركىستان» دەپ بېكىتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن سىبىرىيەنى تۇ-
تاشتۇرىدىغان تۆمۈر يولنى «تۈرك سىبىر» (تۈركىستان - سىبىر) تۆمۈر يولى
دەپ ئاتىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا قوشما جۇمھۇرىيەتلەر تۈزۈمى ئەمەلگە قو-
يۇلغاندىن كېيىنمۇ، «تۈركىستان» دېگەن سۆز بەزى رەسمىي ھۆججەتلەردە، ھەتتا
لېنىن - ستالىننىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ جۇغراپىيىلىك نام سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك بۇنى ئاساسەن چار روسىيە
شەرقشۇناسلىرىنىڭ ئىختىراسى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. يەنى يۇقىرىدا ئېيت-
قىنىمىزدەك، ئۇلار چار پادىشاھلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانى قورال كۈچى بىلەن ئۆ-
زىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، «تۈركىستان» دېگەن ئىبارىنى شەرتلىك ھالدا
ئىككىگە بۆلۈپ، روسىيىگە تەۋە قىسمىنى «غەربىي تۈركىستان»، جۇڭگوغا تەۋە
قىسمىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاشقا باشلىدى.

بۇ پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، «تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇنى ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك نامى سۈپىتىدە قوللىنىش پەقەت
چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئىختىراسى بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق مىللىي - ئەن-
ئەنىۋى ياكى تارىخىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس. بۇنىڭ دەلىللىرى شۇكى، بىرىن-

چىدىن، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەۋملەرنىڭ قەدىمقى زامانلارغا مەنسۇپ بولغان رىۋايەت ۋە ئەپسانىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا «تۈركىستان» ياكى «تۈرك يۇرتى» دېگەن ئومۇمىي نام يوق؛ ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئەتكەن ئۇلۇغ ئالىملىرى مەھمۇد قەشقىرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلىرىدىمۇ «تۈركىستان» دېگەن نام ئۇچرىمايدۇ. ئۇلاردىن كېيىنرەك ياشىغان مەشھۇر ئەدىب — ئالىملارنىڭ (مەسىلەن: ئەخمەت يۈكنەكى، مىرزا ھەيدەر ۋە باشقىلار) ئەسەرلىرىدىمۇ مۇنداق ئاتالغۇنى ئۇچرىتالمايمىز. ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي ۋە شىمال تەرىپىدە خېلى كەڭ تېررىتورىيە دائىرىسىدە نەچچە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىغا مەنسۇپ ھۆججەتلەردىمۇ مۇنداق ئاتالغۇنى زادى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، 9 - ئەسىردىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن خانلىقلارمۇ ھېچقايسىسى ئۆز تەۋەسىدىكى يەرلەرنى «تۈركىستان» ياكى شۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئاتىغان ئەمەس. مەسىلەن: 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلغان قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي قىسمى، يەنى قەشقەر ۋە بالاساغۇن رايونلىرى «خاقانىيە» ئۆلكىسى دەپ ئاتالغان بولسا، سەمەرقەنت ۋە تالاسنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسمى بىلەن خوتەننى مەركەز قىلغان شەرقىي - جەنۇبىي قىسمى «ئېلىك خانلىق» دەپ ئاتالغان. مىلاد 1348 - يىلى چىغاتاي ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈر تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدىكى ئالمىلىق شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ۋە شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن باشلاپ، بالقاش كۆلىگىچە، غەربتە پەرغانە ئويمانلىقى، جەنۇبتا قارا قۇرۇم تاغلىرى، شەرقتە قۇمۇلغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خانلىق دەۋرىدە بۇ يەرلەر «مۇغۇلىستان» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەكەننى مەركەز قىلغان ھالدا 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتكۈل تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ 164 يىل ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن خانلىقى دەۋرىدە بۇ يەرلەر سەئىدىيە خانلىقى دەپ ئاتالغان.

شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىشىمۇ ئىزچىل ھالدا بولمىغان. ئۇلار بەزىدە

«شەرقىي تۈركىستان» دېسە، بەزىدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىنى «جۇڭغارىيە»، جەنۇپ تەرىپىنى «قەشقەرىيە» دەپ ئاتىغان.

دېمەك، «تۈركىستان» دېگەن ئىبارە ھېچقانداق مىللىي - ئەنئەنىۋى مەنىگە، ھېچقانداق ئىلمىي ۋە تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولمىغان، پەقەت چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ياساپ چىقىرىلغان سۈنئىي جۇغراپىيىلىك نام؛ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» ياكى «چىنى تۈركىستان» دېگەن ئىبارىلەر تېخىمۇ شۇنداق ۋە بەلكى مەلۇم غەرەزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسىي ئاتالغۇ. بۇ ئىبارە ھەرگىزمۇ شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي جۇغراپىيىلىك نامى بولالمايدۇ.

(2)

«شەرقىي تۈركىستان» ياكى «چىنى تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ مەلۇم غەرەز بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇنداق پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن.

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە مەلۇمكى، يېقىنقى بىر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بەزى ئەللەرنىڭ ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئورۇنلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىي تەقەززاسى بويىچە شىنجاڭنى گايىدا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىسا، گايىدا «شىنجاڭ» دەپ ئاتاشنى ئادەت قىلىپ كەلدى. يەنى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى نورمال ھالەتتە «شىنجاڭ» دېيىلسە، غەيرىي نورمال ھالەتكە ئۆتكەندە، دەرھال «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىبارە جاراڭلاشقا باشلايدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنمۇ شۇنداق بولغان، كېيىنمۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىبارە يەر نامى بولۇشتىن كۆرە، سىياسىي ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بارومېتىر ستىرىلكىسىغا ئايلاندى. بۇ، ئەمەلىيەتتە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى يۈرگۈزۈشنىڭ يەنە بىر شەكلى ئىدى.

پانتۈركىست ئەيسا ۋە مەمتىمىن بۇغرالار ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ، جۇڭگو زېمىنىدىن ئايرىلماسلىق شەرتى ئاستىدا، شىنجاڭدا ئاتالمىش «يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەتلىك ھۆكۈمەت» قۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە مۇستەقىللىق ئوقۇمىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شىنجاڭنى «چىن

تۈركىستان» يەنى «جۇڭگو تۈركىستان» دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلماسلىق شەرتى ئاستىدا قۇرماقچى بولغان «چىنى تۈركىستان يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى» نىڭ پروگراممىسى بويىچە بولغاندا، شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىك ئالاقىسى بىلەن چېگرا مۇداپىئەسى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا بولغاندىن تاشقىرى، سودا - قاتناش، يېزا ئىگىلىكى، مەمۇرىيەت، سىياسىي - قانۇن، مەدەنىي مائارىپ، ئاخبارات ۋە مەتبۇئات قاتارلىق ئىچكى ئىشلار ھوقۇقى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولۇشى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز شىنجاڭغا ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆچمەن كەلتۈرۈلمەسلىكى، شىنجاڭغا تۆمۈر يول سېلىنماسلىقى لازىممىش !؟. بۇ ئەمەلىيەتتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانىجان مەنپەئەتلىرىگە زىت ھالدا، شىنجاڭنى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەتتە قالاق ھالەتتە تۇرغان شىنجاڭنى تېخىمۇ ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى قالاق فېئودال كىنەزلىككە ئايلاندۇرۇش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ تەشەببۇسى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ھەتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ بۇ تەشەببۇسقا مۇتلەق قوشۇلمىدى. بۇ تەشەببۇس شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە خىلاپ، تارىخنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا زىت بولغاچقا، ئاخىر ئۇلار تارىخ سەھنىسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاندى.

1933 - يىلىنىڭ ئاخىرى سابىت داموللا باشچىلىقىدا قەشقەردە قۇرۇلۇپ، پەقەت بىر نەچچە ئايلا ھۆكۈم سۈرگەن ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ماھىيىتى تېخىمۇ قەبىھدۇر. تەشكىلىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھۆكۈمەت تەركىبىي چوڭ پومېشچىك، باي سودىگەر، زور ئىمتىيازغا ئىگە يۇقىرى قاتلام دىنىي كىشىلەر ۋە بىر قىسىم چەت ئەل قاچاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئەكسىيەتچى فېئودال - پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن سودا كاپىتالىزمىنىڭ مەنپەئەتىگىلا ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇ زامانغا ئائىت يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئاددىي ئاتالمىش سودا ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى بولغان كىشى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەنلا پۈتۈن باجنى ئۆزى كۆتۈرە ئېلىشقا ئۇرۇنغان؛ ئاتالمىش خارجى ئىشلار مىنىستىرى چەت بىلەن ئالاقە قىلىش ئوڭايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ چەت ئەللەردىكى سودا ئىشلىرىنى كېڭەيتىش-

كە كىرىشكەن. ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق تەركىبىدىمۇ بولغان ئون نەچچە كىشى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقا - چىقمايلا يۇرتۋازلىق قىلىشىپ، قەشقەرلىق، ئاتۇشلۇق، خوتەنلىك، ئەنجانلىق دېگەن گۇرۇھلارغا، بەزىلىرى قىرغىز گۇرۇھىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئىسلام دىنىدا بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى «كاپىر» دەپ ئاشكارا ھالدا مىللىي ئۆچمەنلىك يۈرگۈزگەن؛ تاشقى سىياسەتتە ئافغانىستان پادىشاھى ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئەنگلىيە بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە تايىنىپ، شىنجاڭنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ «جۇمھۇرىيەت»مۇ يۈز كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تارىخ سەھنىسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاندى.

(3)

تارىخىي ساۋاقلار شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇكى، مەيلى «شەرقىي تۈركىستان» بولسۇن، «چىن تۈركىستان» بولسۇن ۋە ياكى «ستان» بايرىقى ئاستىدا شىنجاڭنى ۋەتەن زېمىنىدىن ئايرىۋېلىش يولىدىكى ھەرقانداق بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستلەر بولسۇن ھامان ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم، چۈنكى مۇنداق ئورۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى، ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانىجان مەنپەئىتى بىلەن ئورتاق ئارزۇسىغا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ياشاۋاتقان بىر مىليارد يۈز مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە زىتتۇر.

جۇڭگو قەدىمدىن بېرى بىرلىككە كەلگەن، ئۇزۇن تارىخ ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى جۇڭگودا ياشاۋاتقان مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان. جۇڭخۇا ئېلىنى شۇ مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئورتاق گۈللەندۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو — مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئانا ۋەتىنى.

١. تارىختا ئۆتكەن بىرقانچە سۇلالىلەرنىڭ خەنزۇلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلىدۇر. مەسىلەن: مىلاد 386 - يىلىدىن 557 - يىلىغىچە جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي - شىمال رايونلىرىدا 171 يىل ھۆكۈم سۈرگەن «شىمالىي ۋېي» سۇلالىسى شەرقىي غۇزلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان شىيانبىلارنىڭ توبات قەبىلىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان؛ مىلاد

916 - يىلىدىن 1125 - يىلىغىچە شىمالىي جۇڭگودا 200 نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن لياۋ سۇلالىسى قىتانلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان؛ بۇنىڭغا مىلاد 1271 - يىلىدىن 1351 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن يۈەن (موڭغۇل) سۇلالىسىنى، مىلاد 1636 - يىلىدىن 1912 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن چىڭ (مانجۇ) سۇلالىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، بۇ سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى تەخمىنەن 755 يىلغا يېتىدۇ. بولۇپمۇ، يۈەن ۋە چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە پۈتۈن مەملىكەت تېخىمۇ زور دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، شۇ چاغلاردىكى جۇڭگو شەرقىي ئاسىيا بويىچە ئەڭ زور فېئوداللىق دۆلەتكە ئايلانغان. مەسىلەن: يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسى شەرق ۋە جەنۇبتا چوڭ دېڭىزغا تۇتىشىپ، غەربتە ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى غەربىي - جەنۇبتا شىزاڭ بىلەن يۈننەننى، شىمالدا سىبىرىيىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن شەرقىي - شىمالدا ئوخوتسكى دېڭىزىغىچە سوزۇلغانىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇڭگو تېررىتورىيىسى غەربتە ھازىرقى بالقاش كۆلى، چۇ دەرياسى، تالاس، پامىر ئېگىزلىكلىرىگىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرى بىلەن تاشقى موڭغۇلغىچە، شەرقىي - شىمالدا تاشقى ھىنگان تاغلىرى بىلەن ئوخوتسكى دېڭىزىغىچە، شەرقتە تەيۋەن ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئاراللارغىچە، جەنۇبتا جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرىغىچە، غەربىي - جەنۇبتا گۇاڭشى، يۈننەن، شىزاڭ، ھەتتا لاداققىچە سوزۇلغان. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا نوپۇس سانى 300 مىليونغا يەتكەن. بۇ جەھەتتە، جۇڭگو دۇنيادىكى ھەر قانداق كۆپ مىللەتلىك مەملىكەتلەردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشاۋاتقان بىر مۇنچە مىللەتلەر مەسىلەن: ئۇكرائىن، ئۆزبېك، تاتار، قازاق، قىرغىز، تاجىك، تۈركمەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتلەرنىڭ رۇسلار بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلار بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىگە زادى ئوخشىمايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، پۈتۈن رۇسىيە تارىخىدا غەيرىي رۇس خەلقلەرنىڭ رۇسلار بىلەن بىرلىكتە سۇلالە قۇرغان ياكى ئۆز ئالدىغا سۇلالە قۇرۇپ، رۇسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، بىرلىككە كەلگەن بىرەر دۆلەتنى بەرپا قىلغانلىقىغا مىسال يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى رۇسلار بىلەن غەيرىي رۇسلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، سىياسىي - ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە ئۇزۇن تارىخىي مۇناسىۋەت ياكى بىر - بىرىگە باغلىنىش بولمىغان.

2. جۇڭگو تارىخىدىكى بەزى سۇلالىلەر گەرچە ئاز سانلىق مىللەتلەر نامىدا قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ، جۈملىدىن باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە قۇرغان، بىرلىكتە باشقۇرغان سۇلالىلەر ئىدى. يەنى بۇ سۇلالىلەر (مەسىلەن، يۈەن، چىڭ سۇلالىلىرى)نىڭ نۇرغۇن مۇھىم ئوردا ۋەزىرلىرى، يەرلىك ئىدارە مەمۇرلىرى، ھەتتا ھەربىي قوماندانلىرى خەنزۇ ياكى باشقا مىللەت كىشىلىرى ئىدى؛ ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنىڭ خەت - چەكلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەنزۇ تىل يېزىقىدا بولاتتى. خان ئوردىسىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىدىمۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئوردا ئەنئەنىلىرى قوبۇل قىلىنغانىدى. ھەتتا يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىدىكى مۇھىم شەخسلەر ئارىسىدا خەنزۇلار بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بار ئىدى، مەدەنىيەت جەھەتتە، بۇ سۇلالىلەر تامامەن دېگۈدەك خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى زور دەرىجىدە قوبۇل قىلغانىدى.

3. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن ھالەتتە تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، پارچىلىنىش ھالىتىدە تۇرغان ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقى ۋە پارچىلانغان چاغلاردىمۇ، خەلق كۆپچىلىكىنىڭ، جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشكە تەشنالىق سادىسىنىڭ جاراڭلاپ تۇرغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇپ، بىرلىكنى قوغداش مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بولۇپ كەلگەن. ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە قوغداش يولىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق كۈرەش قىلىپ، كۆپ تۆھپە ياراتقان. بۇ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر شەخسلەر مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن: تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشقا زور كۈچ چىقارغان ئۇيغۇر سەركەردە چىبى قالى، شەرقىي شىمالدا ياشايدىغان جۇرجىت قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان نۇرغاچ قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بولۇپمۇ «ئۇيغۇر خانلىقى» دەۋرىدە ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئوڭلۇك - سۆيگۈن ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنى پارچىلىنىپ تۈگەپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغانلىقى ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. چۈنكى، «ئۇيغۇر خانلىقى»نىڭ بۇ ئىسيانىنى باستۇرۇشقا بىۋاسىتە قوشۇن چىقىرىشى تەسادىپىي ئىش

بولماي، ئەزەلدىن تارتىپ تاڭ خاندانلىقى بىلەن «ئۇيغۇر خانلىقى»نىڭ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ خاندانلىقى ياردىمى بىلەن «تۈرك خانلىقى» ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى كۈچەيتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقى، ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ بۆلۈنۈشنى زىيانلىق، بىرلىككە كېلىشنى پايدىلىق دەپ تونۇپ يەتكەنلىكى، قىسقىسى ئۇيغۇر خەنزۇ مىللەتلىرىنىڭ سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىكى ئۇزۇن زامانلىق ھەمكارلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇپ، بىرلىكنى قوغداشنى ئەزەلدىن ئىزچىللاپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم پاكىتلارنىڭ بىرى.

٥. ۋەتىنىمىز مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگودىكى بارلىق مىللەتلەر تەرىپىدىن ئورتاق يارىتىلغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، كۈچالىق بۇددا نوملىرى ئالىمى كۇمراجىۋا، مۇزىكا ئۇستازى سۇدىپ بىلەن بەشبالىق تىلشۇناس ۋە تەرجىمە ئۇستازى سىڭقۇسەلى تۇتۇڭنىڭ ئىلمىي پائالىيەت نەتىجىلىرىنى، قوچۇ - ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەتەننىڭ مەتبەئە سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تارقىتىشتا ئوينىغان رولىنى، مەھمۇد قەشقىرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق جۇڭخۇا مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پاكىتلار جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىختىن بۇيان بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ، بۇ ۋەتەن ئائىلىسىنى ھەمىشە بىرلىكتە قۇرۇپ چىققانلىقىنى، تارىختا يا ئۇنداق، يا مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىسقا مۇددەتلىك بۆلۈنۈش ھالىتى يۈز بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىرلىكنىڭ ئاساسىي ئېقىم ۋە تارىخنىڭ مۇقەررەر يۆنىلىشى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭلا ئەمەس، تارىختىن بۇيان ھەر قانداق يۆنىلىش خاھىشىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

خۇلاسە كالام، جۇڭگو قەدىمدىن بېرى، مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئانا ۋەتىنى. بۇ ۋەتەننى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق گۈللەندۈرگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان، ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخ

ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان. شىنجاڭ ۋەتىنى-
مىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى — بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇپ، بىرلىكنى
قوغدايدىغان تارىخ. مەيلى دىنىي ياكى مىللىي بايراق ئاستىدا، قانداقتۇ
«ستان» نامى بىلەن ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئورۇنغان ھەر قانداق
سۇيىقەست ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە، تارىخ ئېقىمىغا، جەمئى-
يەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە زىت بولغاچقا، ھەر زامان چوقۇم
ئۈزۈل - كېسەل مەغلۇپ بولىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش
يولىدىكى سۇيىقەستلەر ئۇچىغا چىققان خەتەرلىك خام - خىيال بولۇپ، ئۇ تېخى-
مۇ شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولۇشقا مەھكۇم.

# ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى

تۇرغۇن ئالماس

مىلادىنىڭ 840 - يىلى ئۇيغۇر — ئورخۇن قاغانلىقى (مىلادىنىڭ 646 - يىلدىن 845 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ناھايىتى ئېغىر ھادىسىلەرگە دۇچ كەلدى. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى ئىچكى ئۇرۇش ۋە دەھ- شەتلىك تەبىئى ئاپەتلەر (ۋابا كېسىلى، چوتچىماق) قىرغىزلارنىڭ ئىسيانى قاتارلىق ئىجتىمائى ۋە تەبىئىي ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقۇپ، بەكمۇ قورقۇنچلۇق كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىلادىنىڭ 840 - يىلى شەرقىي ئۇي- غۇرلار (ھازىرقى موڭغۇلىيەدە ياشىغان ئۇيغۇرلار) بىرنەچچە يۆنىلىش بويىچە غەربكە (تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا - يەتتە سۇغا) جەنۇبقا (جۇڭگونىڭ سەنشى ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىغا) كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇيغۇر — ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قارا بالغاسۇننى تاشلاپ چىققان ئۇيغۇر شاھزادىلىرىدىن ئۆگەتكىن بىر نەچچە يۈزمىڭ كىشىنى باشلاپ جەنۇب- قا (خېبېي، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىغا) كۆچتى. مانا مۇشۇ چاغدا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆگەتكىننى قاغان قىلىپ سايلىدى، ئۆگە قاغان، تاڭ سۇلالىسىدىن ياردەم ئېلىپ، ئۇيغۇر — ئورخۇن قاغانلىقىنى بالايى ئاپەتتىن ساقلاپ قالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. بەختسىز ئۆگە قاغان باش- چىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرى، ئىچكى ئىناقسىزلىق، ئاچار- چىلىق سەۋەبلىرىدىن كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى، مىلادىنىڭ 846 - يىلى ئۆگە قاغان ئۆز ۋەزىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئورنىغا ئۇكىسى ئەنەتەكىن قاغان بولغان بولسىمۇ جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپالمىدى؛ ئەنەتەكىن دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىكەسى (خانىشى) ئوغلى قاتارلىق 9 كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوغرىلىقچە غەربكە قېچىپ كەتتى. تارىخىي يىلناملاردا ئەنەتەكىننىڭ نەگە بارغانلىقى، كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

ئەنەتەكىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن باشسىز قالغان ئۇيغۇرلار بەكمۇ

خەتەرلىك ئاقىۋەتكە يولۇقتى، شۇ چاغدا جەنۇبقا كۆچكەن بىر نەچچە يۈزمىڭ ئۇيغۇرلاردىن بىر نەچچە مىڭ كىشىلا ئامان قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شەرققە يول ئېلىپ، قىلىن ئورمانلىقلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. قالغان قىسمىنى دۈشمەن ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى.

مىلادىنىڭ 840 - يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى شاھزادە پانتېكىننىڭ يېتەكچىلىكىدە غەربكە — تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى قېرىنداشلىرى بولغان غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ قېشىغا كۆچۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېزىز قەھرىمان ئوغۇللىرىنىڭ بىرى بولغان پانتېكىن شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن بىر نەچچە يۈزمىڭ ئائىلىنى باشلاپ بەش بالىق (ھازىرقى جىمسار) ئەتراپىغا كەلدى. لېكىن ئەقىللىق، ھوشيار، باتۇر شاھزادە پانتېكىن قىرغىزلارنىڭ قوغلاپ كېلىپ زەربە بېرىشىنى ئالدىن بايقاپ، بارىكۆل رايونىغا جايلىشىپ قالدى. بارىكۆل رايونى ئەزەلدىن تارتىپ ھەربىي سېتىراتېگىيە جەھەتتە مۇداپىئەلىنىشكە بەكمۇ باپ كېلىدىغان (تاغلار بىلەن ئورالغان) ئىقتىسادىي جەھەتتە (بولۇپمۇ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۈچۈن) ئوت، سۈيى مول كەڭتاشا يايلاق ئىدى. پانتېكىن كەچ كۈزدە بارىكۆل رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، بىر نەچچە يۈزمىڭ ئائىلە، بىر مىليونغا يېقىن چارۋا مالنى (ئات، كالا، قوي) ئامان ئېسەن قىشتىن چىقاردى. پانتېكىن تەخمىنەن مىلادىنىڭ 841 - يىلى ئەتىيازدا بارىكۆلدىن قوزغىلىپ قۇمۇل ئارقىلىق غەربىي جەنۇبقا يۈرۈپ قارا شەھەر، كۇچار رايونلىرىغا بېرىپ ماكانلاشتى. چۈنكى قارا شەھەر بىلەن كۇچار ھەربىي سېتىراتېگىيە جەھەتتە ئوبدان ئالاھىدىلىككە (تەڭرى تاغلىرى قىرغىزلارنىڭ جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىشىنى تېزگىنلەپ تۇرالايدىغان تەبىئىي توساق ئىدى) ئىگە ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن پانتېكىن باشچىلىقىدىكى يىز نەچچە يۈزمىڭ ئائىلىنى باقالايدىغان ئىقتىسادىي ئاساستا ۋە نۇرغۇنلىغان چارۋا ماللار يايلىغىدەك يايلاقلارغا ئىگە ئىدى. ئەڭ مۇھىمى قارا شەھەر بىلەن كۇچار رايوندىكى غەربىي ئۇيغۇرلار تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا سان جەھەتتىن بولسۇن ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پانتېكىن بارىكۆلدىن كۆچكەندە تۇرپانغا كەلمىدى. قارا شەھەر بىلەن كۇچار رايونىغا كەلگەنىدى. دېمەكمۇ پانتېكىن شۇ جايلاردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى بىلەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

مىلادىنىڭ 840 - يىلى غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئېرىسىن ۋادىسى (ھازىرقى نىڭشادا) دىن تارتىپ گەنسۇ (ھازىرقى گەنسۇ) نىڭ جاڭيې قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ ماكانلاشتى. چۈنكى مانا شۇ جايلاردا

قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ جايلار ئۇيغۇر — ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىگە كىرەتتى. مانا شۇ ئۇيغۇرلار كەنسۇدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، كەنسۇ ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىنىڭ 870 - يىلىدىن 1036 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نى قۇرغان.

يەتتە سۇ ئەتراپىغا كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار شۇ جايلاردىكى غەربىي ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ قارىخانىلار دۆلىتى (850 - 1212) نى قۇرغان.

يانتېكىن قارا شەھەر كۇچار رايونلىرىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى ياببغۇ ئۇنۋانىدا ئاتىدى. چۈنكى بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك مىلادىنىڭ 840 - يىلى جەنۇبقا (خېبېي، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىغا) كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆگە تېكىننى قاغان قىلىپ سايلىغان. مانا شۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان يانتېكىن ئۆزىنى ياببغۇ ئۇنۋانىدا ئاتىغانىدى. يانتېكىن مىلادىنىڭ 846 - يىلى شەرق ۋە غەربتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق قاغانى بولمىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىنى قاغان دەپ جاكالاشقا ھازىرلاندى. چۈنكى مىلادىنىڭ 846 - يىلى ئۆگە قاغان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىنەن قاغانمۇ ئىزسىز يوقالغانىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى يانتېكىن مىلادىنىڭ 848 - يىلى قاغانلىق تەختىگە چىقتى. يانتېكىننىڭ ۋاقتىدا (848 - 866) ئۇيغۇر ئىدىقۇت قوشۇنلىرى ئاۋۋال تۇرپاننى بېسىپ ئالغان تىبەتلىكلەرنى قوغلىدى. ئاندىن كېيىن يانتېكىن، بۆكۈتېكىن قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، مىلادىنىڭ 865 - يىلىغىچە بولغان 8 يىل ئىچىدە قىرغىزلارنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن (ماناس، ئۈرۈمچى كۆچۈڭ، بەشبالىق قاتارلىق جايلاردىن) قوغلاپ چىقاردى. بۆكۈتېكىن قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 866 - يىلى كۆكنۇر (چىڭخەي) نىڭ لەنجۇ رايونىدا تىبەتلىكلەرنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوماندانى ساڭكۇگرىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت قوشۇنلىرىنىڭ شۇ غەلىبىسىنىڭ نەتىجىسىدە يۈز يىل (770 - 866) تىبەت خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان كەنسۇدىن تىبەتلىكلەر قوغلاندى. يەنى خېشى كاردورىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 870 - يىلى كەنسۇ ئۇيغۇر خانلىقى (870 - 1036) نى قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

يانتېكىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار غەلىبىلەردىن (ئايانەن قىرغىزلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىدىن كېيىن) ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايىتەختىنى بەشبالىق قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى يازدا بەشبالىقتا

بازلاپ، قىشتا ئىدىقۇت (قارا غوجادىكى) شەھرىدە قىشلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تا- رىختا ئىدىقۇت شەھرىنى قىشلىق پايتەخت دەپ ئاتىسا، بەش بالىقنى يازلىق پايتەخت دەپ ئاتايتتى.

بەش بالىقنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (850 - 1335) نىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە كەڭسۇنىڭ جۇچۈەنگىچە، غەربتە چۆچەككىچە، غەربىي جەنۇبتا كۇچارنىڭ شەرقىدىكى بۈگۈرگىچە، جەنۇبتا تەكلىماكان چۆلىگىچە، شىمالدا جەنۇبىي ئالتايغىچە سوزۇلغانىدى.

بۇ دۆلەتنىڭ خانلىرى ئۆزلىرىنى «ئىدىقۇت» ئۇنۋانىدا ئاتىدى. كىم خان بولسا ئۇنىڭ نامىنىڭ بېشىغا «ئىدىقۇت» ئۇنۋانى قوشۇلاتتى. مەسىلەن: ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن، ئىدىقۇت مامۇراق تېكىن دېگەنگە ئوخشاش. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «ئىدىقۇت» سۆزى ھازىرقى ئۇيغۇرچىدا «بەختلىك پادىشاھ» مەنىسىنى بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان بىر تامغىسىغا خەنزۇچە «大橋大回骨鳥国» دەپ يېزىلغان خەت ئويۇلغان. بۇنىڭ مەنىسى «ئۇلۇغ بەخت سائادەتلىك ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى» دېگەندىن ئىبارەت.

## II

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى مىلادىنىڭ 850 - يىلى رەسمىي قۇرۇلغان چاغدا جۇڭگودىكى تاڭ سۇلالىسى ئاجىزلىشىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دەۋرگە كىرگەنىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا تۇتقان مۇناسىۋىتى كۆرۈنۈشتە دوستانە كۆرۈنگەن بىلەن ھېچقانداق رول ئويناش (ياخشىلىق ياكى يامانلىق تەرەپلەردىن بولسۇن) ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

مىلادىنىڭ 907 - يىلى تاڭ سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، جۇڭگو تارىخىدا «بەش سۇلالە، ئون بەگلىك دەۋرى» دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى چوڭ بۆلۈنۈشتە، قالايمىقان ۋەزىيەت يۈز بەرگەنىدى. مانا شۇ دەۋردىكى بۆلۈنۈش جۇڭگو تارىخىدا «ئۈچ دۆلەت دەۋرى» (مىلادىنىڭ 220 - يىلى - 280) دەپ ئاتالغان بۆلۈنۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ قورقۇنۇشلۇق بۆلۈنۈش ئىدى. «بەش سۇلالە، ئون بەگلىك دەۋرى» (مىلادىنىڭ 907 - 960 - يىلىغىچە) كېيىنكى لياڭ (923 - 907)، كېيىنكى تاڭ (936 - 923)، كېيىنكى جىن (946 - 936)، كېيىنكى خەن (950 - 947)، كېيىنكى جۇ (960 - 951) قاتارلىق بەش سۇلالە ئاساسەن سېرىق دەريا ۋادىسىدا ھۆكۈم سۈرگەندىن تاشقىرى يەنە چاڭ- جياڭ ۋادىسىدا ئۇششاق ئون بەگلىكمۇ ھۆكۈم سۈرگەن. مانا شۇ بەش سۇلالە

ۋە ئون بەگلىكلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۆز ئارا بىر - بىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن دەريالاپ قانلارنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولغان شۇ مەزگىلدە بولۇپمۇ سېرىق دەريا (خۇاڭخې دەرياسى) ۋادىسىدىكى خەلق دەھشەتلىك بالايى ئاپەت ئىچىدە قالغان.

مىلادىنىڭ 960 - يىلى سۇڭ سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگىچە بولغان ئۇزۇن بىر مەزگىل (907 - 960) ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قېلىش ھالىتىگە كېلىپ قالغان، لېكىن شۇ مەزگىلدە كەنسۇ ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىنىڭ 870 - يىلىدىن 1036 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىلەن بەش سۇلالە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى قىزغىن داۋام قىلغان. بولۇپمۇ سودا مۇناسىۋەتلىرى بەكمۇ راۋاجلانغانىدى.

سۇڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 960 - يىلى جۇڭگونى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن ھەر جەھەتتىن (سىياسىي ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن) يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا جىددىي ھەرىكەت قىلدى. چۈنكى سۇڭ سۇلالىسى قىتانلار بىلەن تاڭغۇتلاردىن ئىبارەت ئىككى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇڭ سۇلالىسى ئۆز دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن دوستلىشىپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇش لازىم ئىدى.

شەرقىي قىتان خانلىقى (مىلادىنىڭ 907 - 1124 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان چاغدا خېلى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغانىدى. قىتان خانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي - ياپون دېڭىزىغىچە، غەربىي ھازىرقى تاشقى موڭغۇلنىڭ قوبدۇ رايونىغىچە، شىمالىي تاشقى موڭغۇلىيىدىكى قۇرۇلۇن، ئورخۇن، سېلىنگا ۋادىلىرىغىچە، جەنۇبىي خېبېي، شەنشى، ئىڭشا ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىغىچە سوزۇلغانىدى.

شەرقىي قىتان خانلىقى جۇڭگودا ھۆكۈم سۈرگەن «بەش سۇلالە ئون بەگلىك دەۋرى» (907 - 960) دىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتتى ۋە كۈچلەندۈرۋالدى. شەرقىي قىتان خانلىقىنى قۇرغان ئاي - بوجى (مىلادىنىڭ 907 - 926 - يىلىغىچە خان بولغان) ئەقىللىق، تالانتلىق، غەيرەتلىك خان ئىدى. ئۇ مىلادىنىڭ X ئەسىرىنىڭ باشلىرىدا قىتانلارنىڭ 8 قەبىلىسىنى بىرلەشتۈردى. ئاندىن كېيىن مانجۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى بولغان نۈجېن قەبىلىلىرىنىمۇ بويسۇندۇردى. ئۇ ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن بىر قاتار تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، قىتان يېزىقىنى قوللاندى. يېزا ئىگىلىك، سودا

ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئاباۋجى مىلادىنىڭ 916 - يىلى غەربىي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىنى، 926 - يىلى بوخەي دۆلىتىنى (خېلوڭجياڭ ئۆلكىسىدە ئىدى) بېسىپ ئالدى.

شەرقىي قىتان خانلىقى يېلۈدېگۇاڭنىڭ ۋاقتىدا (927 - 947) كۈچەيدى. يېلۈدېگۇاڭ مىلادىنىڭ 936 - يىلى ھازىرقى خېبېي، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى 16 ئوبلاستنى بېسىپ ئالدى.

مىلادىنىڭ 946 - يىلى جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ كېيىنكى جىن بەگلىكىنى (936 - 946؟) نى يوقۇتۇپ ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىۋالدى.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى سۇڭ تەيزۇڭ مىلادىنىڭ 978 - يىلى شەرقىي قىتانلار بېسىپ ئالغان 16 ئوبلاستنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن قىتانلار بىلەن ئۇرۇشتى. بۇ ئۇرۇشتا (ئۇرۇش ھازىرقى بېيجىڭ ئەتراپىدا بولغان) سۇڭ تەيزۇڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئۆزى ئەسىر چۈشۈپ كېتىشكە تاس - تاماس قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، سۇڭ تەيزۇڭ مىلادىنىڭ 782 - يىلى ئۇرغۇن قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ، شەرقىي قىتانلارغا يەنە ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قىتانلار سۇڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. سۇڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ياڭيې ئۆلدى.

شەرقىي قىتانلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، سۇڭ سۇلالىسىنى سۈس مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر دۈشمىنى تاڭغۇتلار ئىدى. تاڭغۇتلار ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ تەركىبىدىكى ئوردوس يايلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشايتتى. تاڭغۇتلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە ياكى تىبەت نەسلىدىكى خەلقلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى مەسىلىسى ئېنىق بىر تەرەپ بولمىدى.

سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، شەرقىي قىتان خانلىقى (907 - 1124)، تاڭغۇت خانلىقى (1032 - 1227) نىڭ تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبقا كېڭەيىشكە جىداپ تۇرالمىدى. لېكىن سۇڭ سۇلالىسى قىتانلار بىلەن، تاڭغۇتلارغا تاقابىل تۇرغىدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن دوستلىشىپ، دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇش يولىغا ئۆتتى. سۇڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 981 - يىلى مەشھۇر دىپلومات، تارىخچى ۋاڭيەندېنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت

خانلىقىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ۋاڭيەندى باشچىلىقىدىكى سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى مىلادىنىڭ 981 - يىلى 5 - ئايدا كەينىدىن يولغا چىقىپ ئۆكرى - توقاي خەتەرلىك، مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ مىلادىنىڭ 982 - يىلى 4 - ئايدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا كەلگەن. ۋاڭيەندى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ئەلچىلىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى رەسمىي زىيارىتىنى مىلادىنىڭ 983 - يىلى ئەتىيازدا ئاياقلاشتۇرۇپ كەينىگە قايتقان. ۋاڭيەندى ئۆز ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدا سۇڭ تەيزۇڭغا (مىلادىنىڭ 976 يىلدىن 997 - يىلغىچە خان بولغان) تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. ئۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا قىلغان ئۈچ يىللىق سەپىرى جەريانىدا كۆرگەن - بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسلىنىپ، مىلادىنىڭ 985 - يىلى «ئىدىقۇتقا بارغان ئەلچىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ سۇڭ تەيزۇڭغا تەقدىم قىلغان.

بۇ ئەسەردە ۋاڭيەندىنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا بېرىش - كېلىشىدە بېسىپ ئۆتكەن يولى، خانلىقىدىكى خەلقلەر، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، دۆلەتنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى، تۇرپاننىڭ كېلىماتى، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئارسلانخاننىڭ (مىلادىنىڭ 948 - يىلدىن 985 - يىلغىچە ئىدىقۇت بولغان) سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى توغرىسىدا، ئېنىق تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. لېكىن بۇ قىممەتلىك ئەسەر بىزگىچە ساقلىنىپ قالمىغان. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۇڭ سۇلالىسى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە خاتىرىلىگەن.

بىز مانا مۇشۇ تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسلىنىپ، ۋاڭيەندىنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا رەسمىي زىيارەت ئۈچۈن كېلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ۋە قىسسەلەرنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز. بۇ ھەقتە ئۆز نۆۋىتىگە كەلگەندە چۈشەنچە بېرىمىز.

كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەر ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا ھەربىي جەھەتتىن ئۈنۈم بەرگۈدەك ياردەم قىلالمىغانلىقىنى كۆرسەتتى. سۇڭ سۇلالىسى قەدىمدىن تارتىپ داڭقى چىققان جەڭگىۋار ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ياردىمىگە ئىگە بولالمىز دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. لېكىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىدەك سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن كۆپ جەڭگىۋار بولمىسا كېرەك. ئاجىز

ئىستىپاقچىغا ئىگە بولغان سۇڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 1004 - يىلى قىتانلاردىن يېڭىلىپ، قىتانلارغا ھەر يىلى 100 مىڭ سەر كۈمۈش، 200 مىڭ توپ يىپەك مال، ياساق تۆلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي قىتانلارغا ھەر يىلى تۆلەيدىغان ياسىقى 200 مىڭ سەر كۈمۈش، 300 مىڭ توپ يىپەك مالغا ئۆستۈرۈلدى. سۇڭ سۇلالىسى شەرقىي قىتانلارغا 120 يىل ئىچىدە (مىلادىنىڭ 1005 - يىلىدىن 1126 - يىلغىچە) تەخمىنەن 24 مىليون سەر كۈمۈش، 60 مىليون توپ يىپەك مال ياساق تۆلىگەن.

تاڭغۇتلار مىلادىنىڭ 1040 - يىللىرى سۇڭ سۇلالىسىنى ئۈچ قېتىم ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن، تۈزۈلگەن بىتىمنامە بويىچە سۇڭ سۇلالىسى تاڭغۇتلارغا ھەر يىلى 72 مىڭ سەر كۈمۈش 153 مىڭ توپ يىپەك مال، 30 مىڭ جىڭ چاي ياساق تۆلەيدىغان بولغان.

ئەگەر ئىدىقۇت خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىغا ھەربىي كۈچ جەھەتتىن ئۇزۇن بەرگۈدەك ياردەم بەرگەن بولسا سۇڭ سۇلالىسى ئېھتىمال شەرقىي قىتانلارغا، تاڭغۇتلارغا بويۇن بولمىغان بولاتتى.

## III

مىلادىنىڭ 1114 - يىلى نۈچىن قەبىلىلىرى (مانجۇلارنىڭ ئەجدادلىرى) شەرقىي قىتانلارغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. ئىسيانغا ۋانيان قەبىلىسىدىن چىققان ئاغۇدا يېتەكچىلىك قىلدى. ئاغۇدا ھازىرقى جىلىن ئۆلكىسىنىڭ پۇيۇ ناھىيىسىدە بولغان جەڭدە قىتانلارنى تارمار قىلدى. ئاغۇدا مىلادىنىڭ 1115 - يىلى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تارىختا يۇرچېت (金) دەپ ئاتالغان خانلىق مەيدانغا چىقتى. شەرقىي قىتان خانلىقى مىلادىنىڭ 1124 - يىلغا كەلگەندە ئىچكى جەھەتتە خەلق قوزغىلاڭلىرى ھۆكۈمران تەبىقە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جاڭجاللار بىلەن تاشقى جەھەتتە نۈچىنلىك، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇملىرى (يۇرچېتلار شىمالىي سۇڭ خانلىقى قىتانلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزگەن) نەتىجىدە ئاغدۇرۇلدى. 210 يىل ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي قىتان خانلىقى (916 - 1125) ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن شەرقىي قىتان شاھزادىسى يىلۇداشى بىر قىسىم قىتانلارنى باشلاپ غەربكە قاچتى. يىلۇداشى دەسلەپ ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى خاتۇن بالىققا كېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. ئاندىن كېيىن يەنسەي دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىرغىزلار يۇرتىغا باردى. لېكىن قىرغىزلار يىلۇداشىغا يۈز خاتىرە قىلماي مال - مۈلكىنى بۇلىدى; چۈنكى موڭغۇل نەسلىدىن بولغان قىتانلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ تارىخىي ئاداۋىتى بار ئىدى. مىلادىنىڭ 840 - يىلى

شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇلىيەدىن غەربكە - ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنسەي (ئاناساي ئەنسەدە) قىرغىزلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئورخۇن ۋادىسىغا كېلىپ جايلاشقان ئىدى. يەنسەي قىرغىزلىرى ئورخۇن ۋادىسىدا تەخمىنەن بىر ئەسىر ياشىغاندىن كېيىن مىلادىنىڭ 920 - يىلى شەرقىي قىتانلار تەرىپىدىن يەنسەي بويلىرىغا قوغلانغان.

يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان يىلۇداشى قىتانلارنى باشلاپ بەش بالىق ئەتراپىغا كەلدى. يىلۇداشى باشلاپ ماڭغان قىتانلارنىڭ ئاھالىسى 200 مىڭ بولۇپ، 40 مىڭ چېدىردىن ئىبارەت ئىدى. يىلۇداشى 40 مىڭ چېدىرلىق قىتانلاردىن 40 مىڭ ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىگەن. يىلۇداشى مىلادىنىڭ 1125 - يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بەش بالىق ئەتراپىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قىتان خانىنىڭ قارارگاھىغا بېرىپ ئۈچ كۈن مېھمان بولدى. يىلۇداشى چۆچەكنىڭ ئىمىلغا ماڭىدىغان چاغدا، بىككە تېكىن ئۇنىڭغا 600 ئات، 100 تۆگە، 3000 قوي يوللۇق ئۇتقان. يىلۇداشى شەرقىي قارىخانلارنىڭ شىمالىي ئىلىك خانىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىمىلدا بىر مەزگىل تۇرغان. ئىمىل شەرقىي قاراخانىلارنىڭ شىمال ئىلىك خانى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان تېررىتورىيىسىنىڭ ئىچىگە كىرەتتى.

بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا مىلادىنىڭ 1125 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى يىلۇداشىغا كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ بېقىندى بولۇپ قالغان.

يىلۇداشى مىلادىنىڭ 1130 - يىللىرى شەرقىي قارىخانىلارنىڭ قاغانى ئىبراھىم بىننى ئەھمەتخان (مىلادىنىڭ 1128 - يىلىدىن 1158 - يىلىغىچە قاغان بولغان) نىڭ قارلۇقلار، كەسيانىنى باستۇرۇشتا قىتانلارنى ياردەمگە چاقىرغانلىقىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرقىي قاراخانىلارنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى بېسىۋالدى. شۇندىن باشلاپ غەربىي قىتانلار كۆچۈيمشكە باشلىدى. يىلۇداشى مىلادىنىڭ 1135 - يىلى شەرقىي قارىخانىلارنى ئارام قالپۇالغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1137 - يىلى 6 - ئايدا غەربىي قاراخانىلارنىڭ ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى خوجەنت ئەتراپىدا تارمار قىلدى. ئارقىدىنلا مىلادىنىڭ 1141 - يىلى 9 - ئايدا سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا ئارىسىدىكى «قەتۋان چۆلى» دە غەربىي قاراخانىلار بىلەن سالجۇقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار كەلتۈردى. شۇندىن باشلاپ غەربىي قاراخانىلارمۇ غەربىي قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى.

يىلۇداشى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن تارىختا «غەربىي قىتان خانلىقى» (مىلادىنىڭ 1125 - يىلىدىن 1210 - يىلىغىچە

ھۆكۈم سۈرگەن) دۆلەتنى (غەربىي قاراخىتاي خانلىقى) ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. غەربىي قىتان خانلىقىنىڭ پايتەختى بالاساغۇن بولۇپ، تېررىتورىيىسىگە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خېلى كۆپ قىسمى كىرگەنىدى.

غەربىي قىتانلار، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى ئۆزىگە قارام قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان. پەقەت غەربىي قىتانلار ئۆز ئادىتى بويىچە مەلۇم مىقداردا سېلىق ئېلىپ تۇرۇش بىلەنلا چەكلەنگەن. غەربىي قىتانلار سېلىقنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا بىر نازارەتچى ئەۋەتكەن.

## ١٧

١٢ - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ١٣ - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدىكى قۇرۇلۇن، ئالتۇن ئۇدۇن دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا ئۆزئارا بىرلەشمىگەن موڭغۇل قەبىلىلىرى ياشايتتى. بايقال بويلىرىدا بولسا تاتار قەبىلىلىرى تۇغلا دەرياسى، شەرقىي ئالتايدا كىرەيلەر، نايمانلار، مەركىتلەر (بۇلار تۈركى قەبىلىلەر ئىدى) ياشايتتى. مانا شۇ قەبىلىلەر بولسا ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تۇراتتى.

موڭغۇللار ئۆزلىرىنى سان جەھەتتىن كۆپ ئابرويلۇق بولغان تۈركى قەبىلىلەرنىڭ بىرى تاتارلارنىڭ نامى بىلەن «تاتارلار» دەپ ئاتىغانىدى. موڭغۇللار شۇ ۋاقىتتا ئۇرۇغ - قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلىغان پىنۇداللىق تۈزۈمدە ئىدى. قەبىلىلەر ئارا توختىماي داۋام قىلغان ئۇرۇشلار موڭغۇل خەلقلىرىنى ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ پاتقىقىغا ئىتتىرىۋەتكەنىدى. موڭغۇل ئەمگەكچى خەلقى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈشكەنىدى. شۇنداق بولغاندا ئۆزئارا ئۇرۇشلار توختاپ ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، خاتىرجەم ياشىغىلى بولاتتى. قىسقىسى موڭغۇللار تېچلىققا، بىرلەشكەن كۈچلۈك دۆلەتكە مۇھتاج ئىدى. موڭغۇللارنىڭ بۇ ئارزۇسىنى چىڭگىزخان ئەمەلگە ئاشۇردى. مىلادىنىڭ ١١٦٢ - يىلى ئالتۇن ئونون دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ قىيات بۇرى تېكىن ئاتلىق ئۇرۇقىنىڭ خانى يىسۇكەي باتۇرنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغدى. ئوغۇلغا تۆمۈرچى (موڭغۇللار تىموچىن دەپ ئاتايدۇ) دەپ ئات قويۇلدى. تۆمۈرچى ئاجايىپ قاۋۇل، چاققان، بەكمۇ ھوشيار، باتۇر ئوغۇل بولۇپ چىقتى. مىلادىنىڭ ١١٦٤ - يىلى يىسۇكەي باتۇرنى تاتار خانى تۇغرۇل بەگى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. يېتىم قالغان تۆمۈرچى ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىركاندا پۇتىغا چىتىق سېلىنغان پېتى بىرنەچچە يىل قۇل ئورنىدا ئىشلىدى. تۆمۈرچى قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، قاچقاندىن كېيىن

ئۆز قەبىلىسىگە خان بولىدۇ. ئۇ باشتا جۇرجىتلار تەرىپىدىن ئۆزئارا زىتلاشتۇرۇلۇپ خان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈردى؛ ئاندىن كېيىن مىلادىنىڭ 1202 - يىلى تاتارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلىبە قىلدى. 1204 - يىلى نايمانلارغا ھۇجۇم قىلدى. نايمان خانى تايانخاننى ئۆلتۈردى. بىر قىسىم نايمانلار تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك خاننىڭ يېتەكچىلىكىدە يەتتە سۇغا - غەربىي قىتان خانى چۈرۈقنىڭ قانىتى ئاستىغا قاچتى. تۆمۈرچى مىلادىنىڭ 1204 - يىلى نايمانلارنى تارمار قىلغاندا، تايان خاننىڭ ۋەزىرى ئۇيغۇر تاتاتۇڭگا ئاتلىق ناھايىتى بىلىملىك، تالانتلىق بىر تارىخچى ئەربابنى قولغا چۈشۈردى. تاتاتۇڭگا، چىڭگىزخان قۇرغان ئىمپېرىيىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى.

موڭغۇللار مىلادىنىڭ 1206 - يىلى ئالتۇن ئونون دەرياسىنىڭ بويىدا 5000 ئادەم سىغىدىغان بىر چوڭ بارىگاھ (چېدىر) تىكىپ قۇرۇلتاي چاقىردى. قۇرۇلتاي تۆمۈرچىنى «چىڭگىزخان» (ئەسلىدە «دىڭگىزخان») ئۇنۋانىدا قاغان قىلىپ سايلىدى.

چىڭگىزخان قاغان بولغاندىن كېيىن ئەڭ مۇھىم ئىككى تۈرلۈك ئىشقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئۆز دۆلىتىگە قوشنا بولغان جايلاردىكى (غەربتىكى) ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، تالانتلىق ئادەملەرنى ئوردىسىغا يىغىپ، يېڭى قۇرۇلغان موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى قوراللانغان، جەڭگىۋار، ئىنتىزاملىق كۆپ سانلىق قوشۇن تەشكىل قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

چىڭگىزخان يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى تۈرلۈك ئىشنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن سىرتقا قارىتا بىر قاتار كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى باشلىدى. چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1207 - يىلى چوڭ ئوغلى جوچىخاننى سىبىرىيىدىكى خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇشقا ماڭدۇردى. جوچىخان يەنسەي دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىرغىزلارنى بايقال (بايكۆل) بويىدىكى بۇرياتلارنى، ئالتايدىكى ئۇيغۇزلارنى، يەنسەي بويىدىكى قوڭۇر ئاتلارنى (ھوگداتلارنى) بويسۇندۇردى.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى جۇرجىتلارنى تارمار قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاڭغۇتلارنى تارمار كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى. تاڭغۇتلار جۇرجىتلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1209 - يىلى تاڭغۇتلارنى تارمار قىلدى. تاڭغۇتلار چىڭگىزخانغا ياساق تۆلەشكە مەجبۇر قىلىندى.

ئاسىيانىڭ شەرقىدە باش كۆتەرگەن موڭغۇللارنىڭ قاغانى چىڭگىزخاننىڭ داڭقى، شۆھرىتى توغرىسىدىكى مىش - مىش گەپلەر خۇددى قاناتلىق قۇشتەك

ئۆچۈپ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ چاغ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ غەربىي قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغىنىغا توپ-توغرا 85 - يىل (1125—1210) بولۇپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى بارچۇق ئارت تېكىن (؟—1235) شەرقىي ئاسىيادا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى (موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈشى، غەربىي قىتانلارنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى) ھېسابقا ئېلىپ مىلادىنىڭ 1209 - يىلى غەربىي قىتانلارنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدا تۇرۇشلۇق نازارەت ئەلچىسى ئۆلتۈرۈپ غەربىي قىتانلارنىڭ بېقىندىلىقىدىن قۇتۇلدى.

بارچۇق ئارت تېكىن غەربىي قىتانلارنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئوردا گاھىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ئارقىلىق چىڭگىزخانغا ئېسىل سوغا - سالاملار بىلەن بىللە مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپ نامىدا، چىڭگىزخانغا بېقىندىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

بارچۇق ئارت تېكىن مىلادىنىڭ 1211 - يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆرۈلۈن دەرياسى (ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدە)نىڭ بويىدىكى ئوردىسىغا بېرىپ، چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلدى. دەل شۇ چاغدا مىلادىنىڭ 1204 - يىلى چىڭگىزخاندىن يېڭىلگەن نايمانلاردىن بىر قىسمىنى باشلاپ يەتتە سۇغا قېچىپ بارغان نايمان خانزادىسى كۈچلۈكخان غەربىي قىتان خانى چورۇقنىڭ (1176—1211) مىلادى 1210 - يىلى خارەزىم شاھى بىلەن غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئوسمان بۇغراخان قوماندانلىقىدىكى بىرلەشمە قوشۇن تەرىپىدىن ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، 85 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (1125—1210) غەربىي قىتان خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

كۈچلۈك خان غەربىي قىتان خانلىقىنىڭ خارابىسى ئۈستىدە نايمان خانلىقىنى قۇرغان بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسىگە خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، يەتتە سۇ، پەرغانە قاتارلىق جايلار كىرگەن.

چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىن بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن خوشال بولۇپ، ئۇنى «5 - ئوغلۇم» دېگەن قىزى ئالى ئالتۇننى بارچۇق ئارت تېكىنگە ياتلىق قىلىدىغانمۇ بولغان. ئەپسۇسكى، ئالى ئالتۇن توي بولۇشتىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ توي ئەمەلگە ئاشمىغان.

چىڭگىزخان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى تىنچ يول بىلەن ئۆزىگە قارىتىپ ئالغاندىن كېيىن، شەرقتىكى دۈشمىنى جۇرجىت خانلىقىغا ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلدى. يۈرۈشنىڭ بىرىنچى قېتىمقىسى مىلادىنىڭ 1211 - يىلى بولغان بولسا،

ئىككىنچى قېتىمقىسى مىلادىنىڭ 1215 - يىلى بولدى. چىڭگىزخان جۇرجىتلار ئۈستىدىن قىلغان ئىككى قېتىملىق يۈرۈشىدە بىرلەشچە يۈزمىڭ جۇرجىت قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ جۇرجىت خانلىقىنى ئاساسەن ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1215 - يىلى جۇرجىت خانلىقىنى تىز پۈكتۈرگەندە شىمالىي خۇڭگودىن ھەددى ھېسابسىز ئېسىل بايلىقلارنى قولغا چۈشۈردى. دېمەك چىڭگىزخاننىڭ شۇندىن كېيىن قىلغان ئۇرۇشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەمىنلىگەن شۇ يۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاقىۋىتىنى خەنزۇلارنىڭ شەھەرلەرنى قامال قىلىشتىكى يۈكسەك ھەربىي تېخنىكىسى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ تونۇشۇپ ئالغانلىقىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. چىڭگىزخان موڭغۇلىستانغا خەنزۇلارنىڭ ئۇرغۇن قورال - ياراقلىرىنى بولۇپمۇ قامال ماشىنىلىرىنىلا ئەمەس بەلكى بۇنداق قورال - ياراقلارنى ياسىيالايدىغان ۋە ئىشلىتىشنى بىلىدىغان كىشىلەرنىمۇ ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ تېز ئارىدا قوشۇنلىرىنى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ياخشى قوراللىرى بىلەن قوراللاندۇردى.»[8]

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1215 - يىلى جۇرجىت خانلىقىنى تىز پۈكتۈرگەندىن كېيىن مىلادىنىڭ 1218 - يىلى جابا نويون قوماندانلىقىدىكى 20 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى كۈچلۈك خانغا قارشى ماڭدۇردى. مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ لەنەت-نەپرىتىگە يولۇققان يۈزدىس، زالىم، كۈچلۈكخان جابانويون بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. بەدەخشانغا قاچىدىغان چاغدا يول ئادىشىپ كېتىپ ئەسىرگە چۈشتى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

چىڭگىزخان كۈچلۈك خاننى يوقاتقاندىن كېيىن بېسىۋېلىنغان خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئىدارە قىلىشقا ماڭلاي سويەدوغلات ئاتلىق ئادەمنى باش ھۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلىدى. ماڭلاي سويە دوغلات (سۆيۈملۈك، پەشالىق، ئاقساق مەنىسىدە) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى چىڭگىزخان ۋاپاتىدىن كېيىن چاغاتاي خانلىقىنى موڭغۇل خانلىرى نامىدىن باشقۇرۇپ، سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغۇچە 300 يىل ھۆكۈم سۈردى.

چىڭگىزخان نايمان خانلىقى (1210—1218)نى يوقاتقاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1219 - يىلى كۈزدە 210 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋارەئۇننەھرى قىسمى خۇراسەن، ئافغانىستاننى ئىچىگە ئالغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئۇلۇغ خارەزم شاھلىقى (مىلادىنىڭ 1127 - يىلدىن 1224 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بار ئىدى.

چىڭگىزخان ياي ۋە كۈچلۈك خارەزم شاھلىقىنى 3 يىل ئىچىدە (1219—1222-يىللار) تارمار قىلىپ، مىلادىنىڭ 1225-يىلى شەرققە قايتتى. باۋۇرچۇق ئارتتېكىن چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشلىرىگە قاتناشقانىدى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1225-يىلى شەرققە قايتىشتىن بۇرۇن بۇرتا ئاتلىق قەدىناس ئايالىدىن تۇغۇلغان تۆت ئوغلىغا موڭغۇللارغا بويسۇنغان بىپايان تېررىتورىيىنى بۆلۈپ بەرگەن. شەرقىي ياۋروپادىكى قىپچاق دالاسىدىن تارتىپ، شەرقتە ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويلىرىنى چوڭ ئوغلى جوجىخانغا، خاۋارەزمنى، ھازىرقى ئافغانىستاننى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا، ھازىرقى جۇڭغارىيىنى ئۈچىنچى ئوغلى ئۆكتايخانغا، موڭغۇلىيە، شىمالىي جۇڭگونى كىچىك ئوغلى تولى خانغا بۆلۈپ بەردى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1227-يىلى ئىسيان كۆتەرگەن تاڭغۇت خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش سەپىرىدە ھازىرقى نىڭشيادىكى يىڭچۈەن شەھىرىنىڭ يېنىدا ۋاپات بولدى.

چىڭگىزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئۆكتايخان (مىلادىنىڭ 1229-يىلىدىن 1241-يىلىغىچە قاغان بولغان) قاغان بولدى. ئۇ مىلادىنىڭ 1241-يىلى ئۆلگەندىن كېيىن 1246-يىلىغىچە قاغانلىق ئورنى بوش قالدى. موڭغۇل شاھزادىلىرى ئارىسىدا زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى ئۆكتايخاننىڭ خانىشى تۇراكىنا خاتۇن باشقۇرۇپ تۇردى. ئاخىرى مىلادىنىڭ 1246-يىلى ئۆكتايخاننىڭ ئوغلى گيۇكخان قاغان بولدى. ئۇ مىلادىنىڭ 1251-يىلى ئۆلگەندە موڭغۇل شاھزادىلىرى قۇرۇلتاي چاقىرىپ تولىخاننىڭ ئوغلى مۆڭكى خاننى قاغان قىلدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى مىلادىنىڭ 1209-يىلىدىن تارتىپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانلىرى چىڭگىزخان، ئۆكتايخان، گيۇكخان، مۆڭكى خانلارغا سادىقەت بىلەن بېقىنغان بولسىمۇ، مىلادىنىڭ 1259-يىلى مۆڭكىخان ۋاپاتىدىن كېيىن قاغانلىق داۋاسىنى قىلغان شاھزادىلەرنىڭ (ئارىغ بۆكە، قۇبلاي، قايدۇخانلار) ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلاردا ئېغىر بالايى-ئاپەتكە يولۇققان. چۈنكى مىلادىنىڭ 1260-يىلى تولى خاننىڭ ئوغلى ئارىغ بۆكە ئۆزىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ قاغانى دەپ جاكارلىغاندا، ئۇنىڭ قېرىندىشى قۇبلايمۇ قاغان ئۇنۋانىنى ئالغان. قۇبلاي مىلادىنىڭ 1264-يىلى ئارىغ بۆكەنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، ئۆكتايخاننىڭ نەۋرىسى قايدۇخان ئۆزىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانى دەپ جاكارلىدى. قايدۇخان مىلادىنىڭ 1265-يىلىدىن تارتىپ مىلادى-

نىڭ 1302 - يىلىغىچە توختىمىغان قۇبلايخانغا قارشى كۆرەش قىلدى. شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى، تولۇي ئوغۇللىرى بىلەن ئۆگەتاي ئوغۇللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن قالايمىقان تەختنى تالىشىش ئۇرۇشلىرىغا چېتىلىپ قېلىپ ئېيتقۇسىز بالايى-ئاپەت ئىچىدە خاراب بولغان.

مىلادىنىڭ 1235 - يىلى بارچۇق ئارت تېكىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرىدىن قۇسماين (1235—1245)، سالىن تېكىن (1245—1255)، ئوگرۇنچ تېكىن (1255—1265)، مامىراق تېكىن (1265—1266) قاتارلىقلار ئىدىقۇت بولغان.

مامىراق تېكىن مىلادىنىڭ 1266 - يىلى قۇبلايخاننىڭ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە قىلغان ھۇجۇمىدا (چېڭدۇ قورشاۋىدا) ئوق تېگىپ ئۆلگەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى قوچغار تېكىن ئىدىقۇت بولغان.

قوچغار تېكىننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1266 - يىلىدىن 1275 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تارىخىدا ئەڭ دەھشەتلىك ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئەسلىدە چاغاتاي خانلىقى تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئىدى. قوچغار تېكىن قۇبلاي خاننى قوللىدى. چاغاتاي خانلىقىنى تىزگىنلەپ ئالغان قايدۇخان قۇبلايخاننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قايدۇخان تەرپىنى ئالغان چاغاتاي خانلىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئىدىقۇت خانلىقىنى ۋەيران قىلغان. ئۇيغۇرلار پايتەختنى بەش بالىقتىن تۇرپاندىكى ئىدىقۇت شەھىرىگە يۆتكەپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. چۈنكى قايدۇخان بەش بالىققا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى بېسىۋالغانىدى. بولۇپمۇ مىلادىنىڭ 1275 - يىلى قايدۇخان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا بەكمۇ ئېغىر كۆلپەتلەرنى سالدى.

قايدۇخاننىڭ ئىرادىسىگە سادىق بولغان چاغاتاي خانى دۇۋاخان مىلادىنىڭ 1275 - يىلى 120 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ ئىدىقۇت شەھىرىنى قورشىۋالدى. قورشاۋ ئالتە ئايغا سوزۇلۇپ كەتتى. قوچغار تېكىن باشچىلىقىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى شەھەرنى جان تىكىپ قوغداپ، موڭغۇللارنىڭ سان - ساناقسىز قىلغان ھۇجۇملىرىنى قاتتىق زەربە بىلەن قايتۇرۇپ تاجاۋۇزچىلارنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى. لېكىن 120 مىڭ كىشىلىك موڭغۇل قوشۇنى تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى مال - مۈلكىنى بۇلىدى، يىپ - يىگىنىنى قاتارلىق نەرسىلەرگىچە قويماي ئالدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى ۋەيران بولدى. خەلق ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز

قالدى. شەھەرنى ئالتە ئاي قورشاپ ئېلىپ مەقسەتكە يېتەلمىگەن دۇۋاخان كۈنلەرنىڭ بىرىدە: شەھەر قورغىنىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان قوچقار تېكىنگە ۋارقىراپ! «ماڭا تاقابىل تۇرالمايسەن. كۆككۈم تالقان بولۇپ كېتىسەن. يالغۇز شەھەرگە كىرىۋېلىپ ماڭا تاقابىل تۇرماقچىمۇ؟!» دېگەندە قوچقار تېكىن! «مەن يالغۇز بىرلا خانغا سادىق، ئىككى خانغا ساداقەت بىلدۈرمەيمەن. مەن مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان، ئۆلسەممۇ قەۋرىم مۇشۇ شەھەردە بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، مەن زادى ساڭا باش ئەگمەيمەن» دەپ كەسكىن جاۋاب قايتۇرغان.

ئىلاج قىلالمىغان دۇۋاخان: «ئوقيانىڭ باشتىغا باغلاپ شەھەرگە ئاتقان خېتىدە «مەن چىڭگىزخاننىڭ ئەۋرىسى بولىمەن نېمە ئۈچۈن ماڭا بويسۇنمايسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بۇۋامنىڭ (گيۈك خاننى دېمەكچى—ئا) مەلىكە قىزىدا (باباغارنى دېمەكچى—ئا) ئۆيلەنگەن. ئەگەر سەن مەلىكە قىزىڭنى ماڭا ياتلىق قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا قورشاۋنى بىكار قىلىپ قوشۇننى قايتۇرۇپ كېتىمەن. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىغان بولساڭ شەھەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىمەن» دۇۋاخاننىڭ ئوقيا ئارقىلىق (باشقا بىر تارىخى خاتىرىدە، خەتنى شەھەرگە زەمبىرەك ئوقى بىلەن ئاتقان دېيىلگەن) شەھەرگە ئاتقان خېتىنى قوچقار تېكىننىڭ بەگلىرى (تارقانلىرى) ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ ئىدىقۇتقا سۇنغان. خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقان قوچقار تېكىن ئوردا بەگلىرى بىلەن قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەندە ئوردا بەگلىرى «شەھەردە ئاشلىق تۈگەي دەپ قالدى. ماغدۇرىدىن كېتىپ قالدۇق، دۇۋاخان شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى توختاتمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تىركىشەلىگۈدەك ھالەتتە بولمايمىز» دېيىشكەن. شۇ چاغدا قوچقار تېكىن «خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىزىمدىن كېچىمەن» دېگەن. شۇنداق قىلىپ ئىدىقۇت بەگلىرى قوچقار تېكىننىڭ ئەل يىغمىش بىكە ئاتلىق قىزىنى ئىچىگە كۆرپە-يەكەنداز سېلىنغان چوڭ سۇۋەتكە ئولتۇرغۇزۇپ، سۇۋەتنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، شەھەر سېپىلىنىڭ تېشىغا چۈشۈرۈپ بەرگەن. بۇ ئىشلار ئورۇنلانغاندىن كېيىن دۇۋاخان شەھەر قورشاۋىنى بىكار قىلىپ مۇڭغۇل قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتكەن.

يۇقىرىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا قوچقار تېكىن دۆلەت ۋە خەلقنى بالايى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، چىرايلىق ئەدەپلىك قىزىنىڭ مېھرىدىن كېچىشكە رازى بولغان، بۇ ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ ئۇچۇق پاكىتى.

مىلادىنىڭ 1275-يىلى دۇۋاخاننىڭ ئىدىقۇت شەھىرىنى ئالتە ئاي قورشاۋغا ئالغانلىقى سەۋەبىدىن تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار مۇڭغۇل

لارنىڭ بولاق ـ تالاڭچىلىقىدىن چاق تويغان. شۇ چاغدا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھازىرقى گەنسۇدىكى ئازۇنى ناھىيىسى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قوچقار تېكىننىڭ شەھەر قورشاۋىدىكى قىلىنغاندىن كېيىن يوقۇ-مۇلغا كەتكەن. چۈنكى قوچقار تېكىن تۇرپان رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋەيران بولغانلىقىدىن خاراب بولغان ئىقتىسادنى ئىگىلىكىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆز ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە ئامالسىز قالغان. قوچقار تېكىن مىلادىنىڭ 1276 ـ يىلى قايدۇخانغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر ئۇرۇشتا ئۆلگەن.

گەنسۇدىكى ئۇۋۇي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى «ئىدىقۇت يېزىسىنىڭ مەڭگۈتاش جىلغىسى» دېگەن يېزىسىدىن «ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ياراتقان تۆھپىلىرى يېزىلغان مەڭگۈتاش» تېپىلغان. بۇ مەڭگۈتاش پارچىلىنىپ، بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر يېرىدە يېزىلغان قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شېئىردىن 61 كۇپلېت ساقلىنىپ قالغان. مانا مۇشۇ مەڭگۈتاشتا ئىدىقۇت قوچقار تېكىندىن تارتىپ ئىدىقۇت تايپىنۇغىچە (مىلادىنىڭ 1266 ـ يىلىدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 1335 ـ يىلىغىچە) بولغان 70 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر ناھايىتى گۈزەل شېئىرىي تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شېئىرىي خاتىرىنىڭ 10 ـ قۇرىدىن 20 ـ قۇرىغىچە بولغان قىسمىنى كۆزدىن كۆچۈرەيلى:

«گۈزەل ھۆسنىنىڭ، ئەقىللىق، نازلىق، قائىدىلىك قىزىڭىز بار ئىكەن. ئاغامچىسىنى ئۈزمەي ...... ئۈزۈمگە بەرسىڭىز، ئوغۇل بولۇشقان بولساق......ئاكا-ئۇكا بولۇشۇپ، تۇيلىشىپ، ئىچىشىپ، مەڭگۈ ئىناق ئۆتۈشۈپ ...... قايتىپ كېتەي ...... (دۇۋاخاننىڭ قوچقار تېكىنگە كۈيئوغۇل بولۇش ئارزۇسى بايان قىلىنغان ـ ئا) ...... تۈرلۈك ـ تۈمەن، مۇشۇنداق ياخشى گەپلەرنى......ئۆز رېتى بويىچە، كەم ـ كۈتىسىز تولۇق چۈشەندۈرۈپ يازغان خەتنى قاتلاپ، ئوققا باغلىتىپ، زەمبىرەكلەرنى كەلتۈرۈپ، شەھەرگە ئاتقۇزدى. بارلىق ئەل ـ خەلق ئېچىپ كۆرۈپ (خەتنى ـ دېمەكچى ـ ئا) تولىمۇ خۇشال بولدى؛ پۈتۈكنى ئېچىپ ئوقىغان ئابرويلۇق، يۈزلۈك بەگلەر ھەممىسى يىغىلىپ، ھۆرمەتلىك تەگىرىكەنگە (قوچقار تېكىنگە ـ ئا) شۇنداق دەپ ئىلتىماس قىلدى: ئالتە ئاي سولۇنۇپ ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز، جەڭ قىلىپ ئاشلىقىمىز، ئوزۇقىمىز تۈگىسىپ تۈگىگەندە ...... ئەلنى كۈلپەتتىن خالى قىلىش ئۈچۈن، بەگىمىز ئەلەملىكچە ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلسا (قوچقار تېكىننى دېمەكچى ـ ئا) ...... دەپ، مۇشۇ ئىلتىماسنى (قوچقار تېكىنگە) يەتكۈزدى...... كىچىكىدىن ئەركە ئۆسكەن ئەۋلادى چوڭ قىزى مۇڭلۇق ئەل يىغمىش بېگەنى (قەلەم لىكەم تېگىن ـ يىلغىمىشنى)

...... ئاغامچا بىلەن پەسكە چۈشۈردى، دۆۋاننىڭ تەلەپى قېنىپ، قايتىپ كەتتى» ⑤

مانا مۇشۇ مەڭگۈتاشتىكى خاتىرە مۇڭغۇل تارىخچىسى توقتو (14 - ئەسىردە ئۆتكەن) نىڭ «مۇڭغۇل تارىخى با ئورچۇق ئارت تېكىن ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرە بىلەن ئوخشاش.

قوچقار تېكىن مىلادىنىڭ 1276 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نۆلىن تېكىن ئىدىقۇت بولغان. نۆلىن تېكىن (مىلادىنىڭ 1276 - يىلىدىن 1318 - يىلىغىچە ئىدىقۇت بولغان) قايدۇخانغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئاتىسى قوچقار تېكىننىڭ يولىدىن ماڭغان. شۇنىڭ ئۈچۈن نۆلىن تېكىن قوبلايخاندىن تارتىپ ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقىدىن مۇڭغۇل خان قىزلىرىدىن (مەلىكە قىزلىرىدىن) بورخان، باباچا، ئوراچىن قاتارلىق ئۈچ خان قىزىغا ئۆيلەنگەن .

485 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (1209 - 1335) مۇڭغۇللارغا بېقىنىپ ياشىغان بولسىمۇ، ئاساسىي جەھەتتىن مۇستەقىللىقنى قولدىن بەرمىگەن.

مانا شۇ 485 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدا تۆۋەندىكى خانلار ئىدىقۇت بولغان.

| | سەلتەنەت سۈرگەن ۋاقتى |
|---|---|
| 1. پان تېكىن | 856 — 866 |
| 2. بۆكۈ تېكىن | 866 — 871 |
| 3. قۇتلۇق بىلگە تەڭرىخان | 940 — 948 |
| 4. ئارسلانخان | 948 — 985 |
| 5. بىلگە تېكىن | ?! — 1126 |
| 6. ئىسەن تۆمۈر | ?! — ?! |
| (با ئورچۇق تېكىننىڭ ئاتىسى) | |
| 7. با ئورچۇق ئارت تېكىن | ?! — 1235 |
| 8. قوسماين | 1235 — 1245 |
| 9. دىنالون تېكىن | 1245 — 1255 |
| 10. ئوغرونچ تېكىن | 1255 — 1265 |
| 11. مامۇراق تېكىن | 1265 — 1266 |
| 12. قوچقار تېكىن | 1266 — 1275 |
| 13. نۆلىن تېكىن | 1276 — 1318 |
| 14. تۆمۈر بۆكۈ | 1318 — 1327 |

15. سەڭگى تېكىن 1327 — 1331

16. قايشىنو 1331 — 1335

بۇ خانلىقنىڭ ۋاقتىدا چاغتايلار ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى يوقاتقان.

## V

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 1335 - يىلىغىچە) ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. شۇ دەۋردە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا، ئورخۇن دەۋرىدىكى (مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ IX ئەسىرىگىچە) قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئېچىتقۇلۇق (خېمىر تۇرۇچلۇق) رول ئوينىشى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئۇلۇغ كارۋان يولىنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى تېررىتورىيىسىدە ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ (مىلادىدىن نەچچە ئون ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىن تارتىپ) ياشاپ كەلگەن غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ IX ئەسىردە شەرقتىن (موڭغۇلىيەدىن) كۆچۈپ كەلگەن ئۆز قېرىنداشلىرى شەرقىي ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا يېزا ئىگىلىك، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىياتىدا ئۈستۈن ئىكەنلىكى سەۋەب بولغان. چۈنكى مىلادىنىڭ 840 - يىللىرى غەربكە، ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بىر تارمىقى بەشبالىق، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچار قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كېلىپ، شۇ جايلاردىكى ئۆز قېرىنداشلىرى غەربىي ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىدا يېڭى بىر بۇرۇلۇش دەۋرى باشلاندى. چۈنكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە سىياسىي - ئىقتىسادىي ھايات تېخىمۇ جانلىنىپ مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەپ ياشناش شارائىتىغا ئىگە بولغانىدى.

تۇرپان، بەشبالىق، قاراشەھەر، كۇچار رايونلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنلا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەنىدى. تۇرپاندا دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا، بەشبالىقتا چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. دېھقانچىلىق قوشۇمچە ئىدى. قاراشەھەر بىلەن كۇچاردا بولسا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق باپ - باراۋەر ئورۇندا تۇراتتى.

مىلادىنىڭ 840 - يىللىرى غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەۋرىدە ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. دېھقانچىلىق ۋە ئوۋچىلىق

بولسا قوشۇمچە ئورۇندا تۇراتتى.

ئورخۇن ۋادىسىدىن قاغانلىقنىڭ غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار، تۇرپان، بەشبالىق، قاراشەھەر، كۇچار رايونلىرىدىكى قېرىنداشلىرى ئارىسىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى قەدەممۇ-قەدەم ئۆزگەرتىپ، دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان ئىگىلىككە ئۆتۈپ، ئاساسەن ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا كۆچتى.

13-ئەسىردە ئۆتكەن خەنزۇ تارىخچىسى ئۇياڭشۇ ئىدىقۇت خانلىقى تېرىتورىيەسىدە ئۆستۈرۈلىدىغان ئاشلىق، ئوتياشلار ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان «بۇ يەرنىڭ زېمىنلىرى بۇغداي، ئارپا، كەندىر، پىياز، كۆدە، قاپاق، يۇمغاقسۈتلەرنى تېرىشقا لايىق. قوشقا تۆگە قوشۇلۇپ يەر ھەيدىلىپ تېرىقچىلىق قىلىنىدۇ» ⑥

تارىخچى توختۇ (14-ئەسىر، ئۆتكەن) «ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ سۇيى ئالتۇن تاغدىن (تەڭرى تاغ كۆزدە تۇتۇلىدۇ-ئا) كېلىدۇ، دۆلەتتىكى شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئېقىپ، ئېتىزلىقلار، باغلارنى سۇغۇرىدۇ. تۈگمەنلەر چۆرىلىدۇ. ئاشلىق تېرىلىدۇ، يالغۇز قارا بۇغداي يېرىق» ⑦ دەپ يازغان.

توقتۇ يەنە: «كۇچار خانلىقىدا شال، بۇغداي، قوغۇن، مېۋە چىقىدۇ.» دەپ يازغان ⑧

بولۇپمۇ تۇرپان رايونىنىڭ يەر شارائىتى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىككە مۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن تۇراقلىق دانلىق زىرائەتلەر تېرىلغاندىن تاشقىرى پۇرچاق، كېۋەز، كەندىر، ئۈزۈم ئۆستۈرۈلىدۇ، خىلمۇ-خىل ئوتياش، قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم بەكمۇ ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا، چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىقتىن قالسا خېلى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. توقتۇ «بەشبالىقتا ئات كۆپ بېقىلىدۇ، خان، خانىش، خانزادىلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز يىلقىلىرىنى باقىدىغان يايلاقلىرى بار. ئەنە شۇلارنىڭ يىلقىلىرى يۈزلەپچە يول كېلىدىغان ئوت-چۆپى، سۈيى مول يايلاقلاردا (رەڭگى سىياقى) بويىچە، ئۆيرە-ئۆيرە بولۇپ يايلايدۇ، يىلقىلار شۇنچىلىك كۆپكى، سانىنى بىلىش مۈمكىن ئەمەس. بەشبالىق تۈزلەڭلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىرنەچچە مىڭ يول كېلىدۇ» دەپ يازغان. ⑨

قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە قايسى دۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي ياكى ئاساسەن ئاتلىق بولغان بولسا شۇ دۆلەتنىڭ

ھەربىي كۈچى، ئاتلىق قوشۇنى بولمىغان دۆلەتلەردىن ئۈستۈن تۇراتتى.

— ھونلار ئاسىيانىڭ شەرقىدىن ياۋروپانىڭ غەربىگىچە قىلغان يۈرۈشلىرىدە، ھون ئاتلىقلىرىنىڭ ھەيۋىسى، چەققانلىقى، باتۇرلۇقى دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان بولسا، كۆك تۈرك ئاتلىقلىرىنىڭ يۈرۈشتە سۈرئىتىنىڭ ناھايىتى تېزلىكى (ھۇجۇم ۋە چېكىنىشتە) دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇيغۇرلار، ئورخۇن دەۋرىدە ئۆزىنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئارقىلىق سان جەھەتتىن ئۆزىگە نىسبەتەن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلەلىگەن ئىدى. 13-ئەسىردە چىڭگىزخاننىڭ ئاتلىق ئوغۇللارى ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسەن پىيادە قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ مۇڭغۇل ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

قەدىمكى چاغدىكى ئۇرۇشلاردا ئاتلىق قوشۇن ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان ئاساسىي كۈچ ئىدى. ئات ئۇيغۇرلار ھاياتىدا يالغۇز قاتناش قورالى بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىم ھەربىي جەھەتتىكى ئاساسىي قورال ئىدى. شۇنىڭدەك تاشقى سودىدا چەتئەلگە چىقىرىدىغان مۇھىم تاۋار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھونلار، كۆك تۈركلەر، ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئات بېقىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان. بىرنەچچە يۈزمىڭ جەڭ ئاتلىرىنى تەييارلاش ئۈچۈن، بىرنەچچە مىليون ئات يېتىشتۈرۈش لازىم ئىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئات ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

ئەجدادلىرىمىز دۇنيادا ئۇۋچىلىققا ناھايىتى ئامراقلىقى بىلەنلا ئەمەس، ئۈستىلىقى بىلەنمۇ مەشھۇر ئىدى. ئۇۋچىلىق ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ئوزۇق-تۈلۈككە بولغان بەزى جەھەتتىكى ئېھتىياجنى قامداشنىڭ ۋاستىسى بولۇپلا قالماستىن، تىنچ كۈنلەردە قوشۇنلارنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇشنىڭمۇ ۋاستىسى ئىدى.

مىلادىنىڭ 981-يىلى جۇڭگودىن (سۇڭ خانلىقىدىن) ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋاڭيەندى «ئۇيغۇرلار ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوقيا ئېتىشتا ماھىر كېلىدۇ» دەپ يازغان

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن تىنچ، ئىتتىپاق ئۆتۈشتەك ئوبدان قوشنىدارچىلىق يولىنى تۇتقان. لېكىن قاراخانىلار دۆلىتى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغانلىقى (قاراخانى ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى) سەۋەبىدىن

ئىككى قېرىنداش دۆلەت ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش بولغان بولسىمۇ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىدىن ئارىغ بۆكۈ ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن قۇبلايخان تەرەپدارلىرى ئارىسىدا داۋام قىلغان 40 يىللىق ئۇرۇش (مىلادىنىڭ 1260 - يىلىدىن 1300 - يىلىغىچە) دىن بۇرۇن ئاساسەن تىنچ بىر دەۋرى ئىچىدە ياشىدى. مانا شۇنداق ئەھۋال دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى تاشقى سودىنىڭ ئېھتىياجى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سۈردى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدا ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ: پاختا توقۇمىچىلىق، يىپەك توقۇمىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، زەرگەرلىك (ئالتۇن كۈمۈشتىن زىننەت بۇيۇملىرى ياساش) مېتالچىلىق (مىس، تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياساش)، كانچىلىق، دورىگەرلىك، سەرراشلىق (ئىگەر، جابدۇق، ئۈزەڭگە، يۈگەن نوختا ياساش) مەيچىلىك (ئۈزۈم شاراپلىرى) قاتارلىق خىلمۇ - خىل تۈرلىرى بەكمۇ تەرەققىي قىلغان.

تەۋقىتو مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «ئۇيغۇرلار ئەقىللىق ساغلام بولۇپ، ھۈنەرۋەن كېلىدۇ. ئۇلار ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر ئېرىتىپ سايمان ياساشقا ۋە قاشتېشى ھۈنىرىگە ئۇستا كېلىدۇ.» [11] 13 - ئەسىردە ياشىغان تارىخچى خۇڭخاۋ مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياللىرى باشلىرىغا چىرىگلاپ، لىغىلداپ تۇرىدىغان، چاچنى قاماپ بىر ئىلمەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئالتۇن تۈركۈچ تاقايدۇ. ئۇيغۇرلار زەرگەرلىككە ماھىر بولۇپ لىغىلداپ تۇرىدىغان زىرە ۋە ئالتۇن ھالقىلارنى ياسايدۇ. يىپەك تارتىپ، يىپەك يىپ چىقىرىپ، كىمخاپ، شايى، يىپەك تورلارنى توقۇشقا ئۇستا كېلىدۇ. يەنە رەڭگى بەش خىل يىپتىن توقۇلما تون توقۇيدۇ. بۇنداق تونلارنىڭ ئىسمى كىس بولۇپ، بەكمۇ چىرايلىق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كالاۋۇتون (ئالتۇن يىپ) ئىشلەشكە ئۇستا ئىدى. كالاۋۇ توندىن ياسالغان كىيىملەرنىڭ دۈمبىسىگە گۈل، دەرەخلەرنى كەشتىلەيتتى. بۇنداق كىيىملەر پاتلىناتتى» [12]

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەر ئىچكى بازارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن قوشنا ۋە يىراقتىكى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىگە سىرتتىن كىرگۈزۈلىدىغان تاۋارغا بولغان تەلىپىنى ھېسابقا ئېلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكىنى كەڭ تۈردە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلدى. مانا شۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سودا بىلەنمۇ كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئۇلۇغ كارۋان يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

شۇ ئالاھىدىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگو ھەم غەربتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ئوڭۇشلۇق يارىتىپ بەرگەن.

قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ «سارت» دەپ ئاتىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرىغا ئۇستا، سودا مۇناسىۋىتىدە پايدىسىنى كۆزلەپ ساختىپەزلىك قىلمايدىغان ئاق كۆڭۈل، تۈزلىكىدىن كېلىپ چىققان. «سارت» - «كارۋان بېشى» دېمەكتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرلىرى شەرقتە، شىمالىي سۇڭ خانلىقى، شەرقىي قىتان خانلىقى، تاڭغۇت خانلىقىغا بېرىپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، غەربتە ئىران، ئەرەب، ھىندىستانغىچە بېرىپ سودا قىلاتتى.

ئۇيغۇرلار چەتئەلگە ئات، تۆگە، ئات جابدۇقلىرى (ئاساسەن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىغا)، گۈللۈك يىپ رەختلەر، يىپەك ماللار، ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، دورا - دەرمەكلەر، ئۆششىدىر ھەتتىكى رومى (دورا - دەرمەكلەرنى ھىندىستاندىن كەلتۈرۈپ يەنە چەتئەلگە ساتاتتى) ئاق سۆسەر، بۆكەن مۈڭگۈزى، ئالماس، كىمگىز، كۆن قاتارلىق تاۋارلارنى چىقىراتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قاشتېشىدىن ياسىغان ئەسۋاب جابدۇقلىرى زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنىڭ شەكلى جەھەتتىن چىرايلىقلىقى، سۈپەت جەھەتتىن ئەۋزەللىكى دۇنيا بازىرىدىكى خېرىدارلارنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى شەرقىي قىتان خانلىقى، جۇرجىت خانلىقى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئات، دورا - دەرمەك رەخت (پاختا يىپتىن توقۇلغان)، ماتېرىياللىرى يۇقىرىدىكى دۆلەتلەرگە ئېلىپ بېرىلىپ، شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىغا، كۈمۈشتىن ياسالغان سايمانلارغا مىس پۇللارغا ئالماشتۇرۇلاتتى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى (960 - 1127) شەرقىي قىتانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كۆپرەك جەڭ ئاتلىرىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى جەڭ ئاتلىرىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن سېتىپ ئالغاندىن تاشقىرى شەرقىي قاراخانلاردىنمۇ (خوتەن ئارقىلىق) سېتىپ ئالاتتى. مىلادىنىڭ 1085 - يىلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى شەرقىي قاراخانلاردىن بىر مىليون ئىككى يۈزمىڭ سەر مىس پۇلغا ئات سېتىپ ئالغان.

ئۇيغۇرلار جۇڭگودىكى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتا (سىياسىي- ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت) غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدىكى قۇرۇقلۇق قاتناش يولىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇرغۇنلىغان ئىسسىق قانلىرىنى تۆككەن.

مىلادىنىڭ 1012 - يىلىدىن 1016 - يىلىغىچە بولغان 4 يىل ئىچىدە

-كەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (870—1036) قاتناش يولىغا توسقۇنلۇق قىلغان تاڭ-
غۇتلار بىلەن ئۈچ قېتىم ئۇرۇشتى. تاڭغۇتلار غەربتىن شەرققە بارىدىغان سودا
يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىدىن بىرى بولغان خېشى كارىدورىغا ھۇجۇم قىلغا-
نىدى. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىنىڭ 1012-يىلىدىن 1016-يىلىغىچە
تاڭغۇتلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن ئۈچ قېتىم غەلىبە قىلىپ، غەربتىكى
دۆلەتلەر بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى سودا يولىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان.

شەرقىي قاراخانىلار (1040—1212) نىڭ قاغانى ھارۇن بۇغراخان
II (1075—1102) ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى سودا يولىنىڭ ئامان-
لىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 1089-يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ
تاڭغۇتلارنى داشاتا (دۇڭخۇاڭ)، ئۇۋېي، جاڭيې قاتارلىق جايلاردىن قوغلاپ چىقارغان.
ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، ئۇيغۇرلار غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدىكى سىياسىي-
ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىشتە، بولۇپمۇ جۇڭگو بىلەن
غەربتىكى دۆلەتلەرنى ئالاقىلاشتۇرۇشتا ئەسىرلەر بويى ئاكتىپ كۈچ چىقىرىپ،
نۇرغۇنلىغان ساپ، ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

## VI

ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى خېلى باياش-
ات ئۆتىدىغان بولدى. ئوزۇقلىنىشىدا خىلمۇ-خىل ئاشلىق، گۆش، مېۋە-چېۋە،
كۆكتات، ئۈزۈم شارابلىرى بەكمۇ مول ئىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىدە كەمبەغەللەر
يوق دېيەرلىك ئىدى. ئاشلىقتىن تۆكۈپ قالغانلارنى دۆلەت تەمىنلەيتتى. كىشىلەر ئۇزۇن
ئۆمۈر كۆرەتتى، ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلار ئاز دېيەرلىك ئىدى. ئاغرىق-
سىلاقلارنى داۋالاش ياخشى يولغا قويۇلغان. خەلق تۇرمۇشىدا باياشات ياشىغان-
دىن تاشقىرى ناھايىتى ئېسىل، چىرايلىق كىيىم-كېچەكلەرنى كىيەتتى. «غەربىي
يۇرت توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» ناملىق ئەسەرنىڭ 1-جىلتىدا مۇنداق يېزىلغان:
«كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەممىسى يۇمىلاق ياقىلىق، تار يەڭلىك بولۇپ، ئەرلەر-
نىڭ ئېتىكى سولغا، ئاياللارنىڭ ئېتىكى ئالدىغا ئېچىلىدۇ. ئىچ كۆڭلەك ۋە تى-
زىنى بېسىپ تۇرىدىغان كەمزۇل كىيىشىدۇ. ئاياللارنىڭ بېشىغا قىش-يازدا دې-
گۈدەك ئالدىغا ئۇچى قادالغان، بېزەلگەن تۇماق كىيىدۇ. ئەرلەر بولسا قىشتا
تۇماق، يازدا كىمخاپ ھەم ياكى كېگىز قالپاق كېيىدۇ. قالپاقلارنىڭ ئۈستى
يېشىل تاۋار ياشلىق بولىدۇ. بۇنداق قالپاقلارنىڭ ئېگىزلىكى بەش، ئالتە سۇڭ
بولۇپ، قالپاقلارنىڭ چېكىدىكى قادالغان ئۇچى (يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ پەيلىرى)-
لەرنىڭ ئۇزۇنلىقىمۇ بەش، ئالتە سۇڭ كېلىدۇ. ئەرلەر قالپاقنىڭ كۆكسى تىك

تۈز بولۇپ، ئاياللارنىڭ تۇمىقىدا قادالغان ئۆلكىسى ئارقىدا ئىككىسى تىكىلگەن كۆرۈندۇ. ئاياللارنىڭ تۇماقلىرى ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان چېچەك گۈللەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. روھانىيلارنىڭ دوپپىسى يۇمىلاق جىيەكلىك بولۇپ، ئاق رەختتىن تىكىلەتتى. پۇتىغا ئالا، قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆن ئۆتۈك كىيىشەتتى» ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانلىرى ۋە بەگلىرى: كىمخاپ، تەۋار، دۇخاۋا، رەڭگى كۆك، قىزىل يىپەك تاۋارلاردىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىپ، بېشىغا ئالتۇن تاج كىيەتتى».

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە، ئاۋات، ئاجايىپ چىرايلىق شەھەرلەر، ئوردىلار، قورغانلار، ئىبادەتخانىلار، ئېگىز قەۋەتلىك ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مىلادىنىڭ 1981-يىلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدىن ئىدىقۇت خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋاڭيەندى «شەھەرلەردە باغچىلار، ئېگىز چوڭ مۇنارلار، ئارامگاھلار كۆپ» دەپ يازغان بولسا، مەھمۇت قەشقىرى مۇنداق دەپ يازغان: «بۇلاردا بەش شەھەر بار، ئۇ شەھەرلەرنىڭ خەلقى ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر سولمى (بۇنى زۇلقەرنەين سالدۇرغان)، قوچۇ، جانبالىق، بەشبالىق، يېڭىبالىق»⑬

مەھمۇت قەشقىرى 11-ئەسىردە بەرگەن مەلۇماتىدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىدا ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ «ئۇ شەھەرلەرنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار» دېگەن. مەھمۇت قەشقىرى سولمى شەھىرىنى زۇلقەرنەيننىڭ سالدۇرغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ رىۋايەت بولسا كېرەك. چۈنكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرىدە تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا كەلگەن ئەمەس. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ سولمى شەھىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بەش بالىق مىلادىدىن بۇرۇن بىنا قىلىنغان شەھەر بولۇپ، قەدىمكى چاغلاردا «بەش بالىق» دەپ ئاتالماي ھەر خىلناملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، مىلادىنىڭ 732-يىلى كۆل تېگىن خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشتا «بەش بالىق» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇ خاتىرىگە ئاساسلانغاندا شەھەر بەش شەھەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئېنىق. بەش بالىقنىڭ ئىچكىرىكى شەھىرى خانلار، بەگلەر تۇرىدىغان بىنالارنى ئاساس قىلغان خان شەھىرى ئىدى. مانا مۇشۇ خان شەھىرىدە ئىدىقۇتلار تۇرىدىغان خان ئوردىسى بار ئىدى. بەش بالىق قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ غەربىي ستراتېگىيە ۋە خەلقئارا

قاتناش جەھەتتىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى، تۈركلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى، ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى بىلەن تىبەت خانلىقى بەش بالىق ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان سان - ساناقسىز قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

ئۇيغۇر - ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بەش بالىق ئىدىقۇت دەۋرىدە (850—1335) كېڭەيتىلىپ، تېخىمۇ چوڭ شەھەرگە ئايلانغان. شۇ دەۋردە بەش بالىق سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. «ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيەسىدە ئوينىغان رولى» توغرىسىدىكى بابتا XIII ئەسىردە چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىم (ھەربىي، سىياسىي) ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ بەش بالىقلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. مانا دۇشۇ پاكىتنىڭ ئۆزىلا بەش بالىقنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشىكى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى قارا قوجو (ھازىرقى ئىدىقۇت شەھىرى) نىڭ قىش پەسلىدىكى ھاۋاسىنىڭ ئۇنچىۋالا سوغۇق بولماسلىقى خانلارنىڭ قىشلايدىغان شەھىرى بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

قارا قوجو شەھىرى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت دەۋرىدە «مۇقەددەس قەۋم» (مانى دوئاسى)، «چىستانى ئىلىك بەگ» «ئەرىغ يۇتۇق» «مانى شېئىرلىرى» «ئوغۇز نامە»، «ئالتۇن يارۇق» «دىمەككى تىمكىن ھىكايىسى» قاتارلىق ئىجادىي ۋە تەرجىمىھال ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. «ئوغۇز نامە» XI ئەسىردە يېزىلغان بولسا، XIII ئەسىردە تۇرپاندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن «ئالتۇن يارۇق» نى X ئەسىردە بەش بالىقلىق ئۇيغۇر شائىرى ۋە ئاتاقلىق ئەدىبىي تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە يالغۇز ئەدەبىياتلا تەرەققىي قىلىپ قالماستىن، رەسساملىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتاراشلىقمۇ تەرەققىي قىلغان. تۇرپاندىكى مىڭ ئۆيلەرنىڭ تام رەسىملىرى، ئىبادەتخانىلاردىكى ھەيكەللەر ئىسپات بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە ئاساسىي ھۆكۈمراندىن بۇددا دىنى بولۇپ مانى، ناستورىيان دىنلىرى ئۇنچىۋالا چوڭ تەسىرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلار سازغا بەك ئامراق ئىدى. مىلادىنىڭ 982 - يىلى ئىدىقۇت خانى ئارسلانخاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن جۇڭگو ئەلچىسى ۋاڭيەندى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئارسلانخان ۋە خانزادىلەر كۈن چىقىشقا قاراپ چوقۇنىدى. (بۇ

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىغا چوقۇنۇشىدىن كۈنگە چوقۇنۇشىنى ئىرغىرا تاپقانلىقى بولـ
سا كېرەك ـ ت ) ئاندىن كېيىن ئىسلام قىممەتلىك سوپىلارنى قوبۇل قىلدى. سازـ
چىلار ھۆرمەت سازىنى چالغاندا ئارسلانخان سازغا جۆر بولۇپ بېشىنى ئەگدى
ئاندىن كېيىن ئارسلانخاننىڭ ئوغۇل-قىزلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ھۆرمەت بىلـ
دۈرۈپ، سوپىلار(جۇڭگو ئەلچىلىرىگە) تەقدىم قىلدى. يۇقىرىقى ئىشلار ئورۇنلىنىپ
بولغاندىن كېيىن، زىياپەت بېرىلدى. ئاخىرىدا ئويۇن كۆرسىتىلدى. ئەتىسى كۆلدە
كېمە سەيلىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى زىيارەت قىلدۇردى.» ⑬
يۇقىرىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا ئارسلانخان سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى قىزـ
غىن قارشى ئېلىپ، ئىككىنچى كۈنى ئەلچىلەرگە ھەمراھ بولۇپ، بەش بالىقتىكى
سەيلىگاھلار ۋە ئىبادەتخانىلارغا بىللە بارغان.

ۋاڭيەندى يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى خەلق بەگلەر (خانلار، تارقانلار) ۋە قارا بودۇن (ئاۋام خەلقى) دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، ئۇلار سازغا بەك ئامراق، كۆپىنچە بەربەپ (پىپا) 25 تارلىق غوڭقا (كوڭخۇ) قاتارلىق سازلارنى چالىدۇ...... ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ھەر دائىم ئات مىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، سەيرەگە چىققاندا سازنى بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ.» ⑭

## ئىزاھات

① ساۋ شىنىيە «جۇڭگولۇق قەدىمكى دەۋرى ئىرغىرىسىدا قىسسە» خەنزۇچە 11 قىسىم 91 ـ بەت
② 〃 〃 〃 〃 〃 〃 〃
〃 〃 〃 〃 〃 92 ـ بەت
③ «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» 1 توم ئۆزبېكچە 308، 307 ـ بەتلەر
④ تولتو «موڭغۇل تارىخى ياتۇرچۇق تارتىشكەن ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە
⑤ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىلى 1 ـ سان ئۇيغۇرچە، 111―109 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.
⑥ ئوياڭشۇ «يېڭى بەش سۇلالە تارىخى» 74 ـ جىلت خەنزۇچە «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
⑦ تولتو «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 ـ جىلت خەنزۇچە، «ئىدىقۇت ھەققىدە قىسسە»
⑧ تولتو «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 ـ جىلت خەنزۇچە «ئىدىقۇت ھەققىدە قىسسە»
⑨ 〃 〃 〃 〃 〃
⑩ 〃 〃 〃 〃 〃
⑪ خۇڭخاۋ «سوڭمو خەۋەرلىرى، ئۇيغۇرلار»
⑫ مەھمۇد كاشغەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 1 توم 153 ـ بەت
⑬ «ئىدىقۇتقا بارغان ئەلچىنىڭ خاتىرىسى»
⑭ 〃 〃 〃 〃 〃